2021 ئىيۇل -ئاۋغۇست

ئومۇمىي 24-سان

# ئۇيغۇرلار

# *The Uyghurs*

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival

بىر ئىنقىلاپچى 71



ئابدۇقادىر داموللا 99



ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش 1



ئومۇمىي 24-سان

2021 ئىيۇل- ئاۋغۇست

# ئۇيغۇرلار

ئايلىق ئۇنىۋېرسال ژۇرنال

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى قەدىمە دۇنيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچراشقان مەدەنىيەتلەر مەركىزىدۇر. ھالبۇكى، بۇ يەردىكى ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيىتى يەنىلا ئەزەلدىن شۇ جايدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدۇر.



باش مۇھەررىر: ئۇيغۇر كۆكئارت

مۇھەررىرلەر: ھېكمەتيار ئىبراھىم
ئۆتكۈر ئالماس

**چىقارغۇچى ئورۇن :**

ئۇيغۇر پروجېكت فوندى (UPF)

www.uyghursfoundation.org

ژۇرنالنىڭ نەشر ھوقۇقى:

ئۇيغۇر پروجېكت فوندىغا تەۋە.

**مەنبەسى ھەققىدە ئىزاھات بېرىلگەن قىسمەن ئەسەرلەردىن باشقا بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بۇ ژۇرنالغا مەنسۇپ.**

6 009800 461091 >

# مۇندەرىجە


## مىسلىسىز ئويغىنىش

سۆرەلمىلىكتىن قۇتۇلۇشتىكى ئۈنۈملۈك چارىلەر

تەۋەلىك تۇيغۇسى نېمە ئۈچۈن مۇھىم؟ 41

بىلىم ئادەملىرى مۇستەقىللىق كۈرىشىدىكى يادرولۇق كۈچتۇر 61

## خىتاي تەتقىقاتى

ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش

خىتاي ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىگە قىلغان تەۋسىيەلىرى 92

## گۈلىستان

پەرزەنت تەربىيىسىدە ئىنتىزام 85

بىر ئىنقىلابچىنىڭ ھەسرىتى

ئابدۇرېھىم ئابلەتخاننىڭ تەرجىمھالى 83

## تارىخ ۋە بىز

قەھرىمان دۇنياغا شۇنداق كېلىدۇ 27

## خەلقئارا ۋەزىيەت

خىتاي ئافغانىستاندا ئالتۇن پۇرسەت كۆزلىمەكتە 47

## ساغلاملىق

كۆز ساغلاملىقى ئۈچۈن تەۋسىيەلەر 52

## كۆپكۆنىكى ئۇيغۇرلار

شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇمدىن قېچىش 107

## مەدەنىيىتىمىزدە ئىسلام

ھەدىسلەر ھەققىدە 77

## ئۇيغۇر تەتقىقاتى

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئەخلاقىدىن زىيالىيلارنىڭ ئەخلاقى ۋە رولىغا نەزەر 99













خىتاي تەتقىقاتى



# ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش

# THE WAR ON THE UYGHURS

شان روبېرتس

Internal Campaign
a Muslim Minority



# ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش: مۇقەددىمە (داۋامى)

بېشى ئالدىنقى ساندى

## تېرورلۇق دېگەن نېمە؟

(بۇ جەھەتتىكى) مەشھۇر كۆز قاراش شۇكى، ۋالتېر لاكۇئېر (Walter Laqueur) ئۆزىنىڭ «تېرورلۇق» ھەققىدىكى تارىخى تەكشۈرۈشىدە، بۇ ھادىسىگە ئېنىقلىما بېرىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، چۈنكى بۇ تېمىدا خەلقئارالىق ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىش ئۇرۇنۇشىنىڭ تۈگىمەس تالاش ـ تارتىشلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى قەيت قىلغان (27). لاكۇئېرنىڭ بايانىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، «تېرورلۇق» ئۆزىنىڭ ئىچىدىكى «قانۇنسىز قوراللىق كۈرەش شەكلى» دەپ قارىلىپ كەلگەن، شۇنداقلا نۇرغۇنلىغان خەلقئارالىق ئىشتىراكچىلار بۇ ھادىسىگە قارىتا مۇجمەل تەبىرنى ساقلاشقا تىرىشىپ كەلگەن، چۈنكى بۇ خىل مۇجمەللىك ئۇلارنى «تېرورلۇق» قالپىقىنى ئىشلىتىش جەھەتتە تېخىمۇ كەڭ تاللاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى قوللىغان غەيرىي دۆلەت خاراكتېرلىك قوراللىق ھەرىكەتلەرنى قانات ئاستىغا ئېلىش ئۈچۈن «تېرورلۇق» ئۇقۇمىنى بىر چەتكە قايرىپ قويسا، ئۆزلىرى قارشى تۇرىدىغان قوراللىق ھەرىكەتلەرنى ئەيىبلەشتە («تېرورلۇق»تىن ئىبارەت) بۇ قالپاقنى ئىشقا سالىدۇ. «تېرورچى»لىق قالپىقىنى بۇ رەۋىشتە سىياسىي جەھەتتە تىزگىنلەش شىمالىي ئىرېلاندىيەدىكى «ئاۋارىچىلىق»لارنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان، 1975 ـ يىلىدىكى بىر رومانىدىكى شۇ قۇرلار ئارقىلىق دائىم كىشىلەرنىڭ ئېسىگە سېلىنىپ تۇرىدۇ: «بىراۋنىڭ نەزىرىدىكى تېرورچى يەنە بىراۋنىڭ نەزىرىدىكى ئەركىنلىك جەڭچىسىدۇر» (28).

ھالبۇكى، «تېرورلۇققا قارشى يەر شارىۋى ئۇرۇش» تارىخىي جەھەتتىن «تېرورچى» دېگەن قالپاقنى كىيگۈزۈش جەھەتتىكى سىياسىي مۇتتەھەملىككە چېتىشلىق ھېساب ـ كىتابلارنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋەتتى. «تېرورلۇققا قارشى يەر شارىۋى ئۇرۇش»تىن ئىلگىرى، مەلۇم بىر يەرشارىۋى كۈچ تەرىپىدىن «تېرورچى» دەپ قارالغانلار ئادەتتە باشقا بىر يەرشارىۋى كۈچكە تايىنىپ، ئۆزلىرىنى «ئەركىنلىك جەڭچىسى» دەپ ئېتىراپ قىلغۇزالايدۇ دەپ قارىلاتتى. مەن بىر تۈپقا «تېرورچى» دەپ قالپاق كىيگۈزىدىغان سىياسىي مۇتتەھەملىك «تېرورلۇققا قارشى يەر شارىۋى ئۇرۇش»نىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن يوقالمىدى، دەپ

قارىسامۇ، 2001 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن كېيىن، كىمنىڭ «تېرورچى»، يەنى بۇ يېڭى دۇنيا ئۇرۇشىدىكى «دۈشمەن» دەپ قارىلىشى كېرەكلىكى ھەققىدە خەلقئارالىق ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىش جەھەتتە بىردەك تىرىشچانلىق ــــ گەرچە ئېنتايىن روشەن سىياسىيلەشكەن بولسىمۇ ــــ كۆرسىتىلدى. نۇرغۇن دۆلەتلەر سىياسىي «سودىلىشىش»لار ئارقىلىق، ئۆزى بىلەن توقۇنۇشۇۋاتقان غەيرىي دۆلەت خاراكتېرلىك، مۇسۇلمان قوراللىق كۈچلىرىنى بۇ يېڭى «دۇنياۋى دۈشمەنلەر» تىزىملىكىگە كىرگۈزۈشكە ئۇرۇندى. خىتاي 2002 ـ يىلى ئۆزىنىڭ ئافغانىستانغا يەرلەشكەن ئاز بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ «تېرورلۇق تەھدىتى»گە دۇچ كەلگەنلىكىنى خەلقئاراغا ئېتىراپ قىلدۇرۇپ، بۇ ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان دۆلەتلەردىن بىرى بولۇپ قالدى. مەزكۇر كىتابقا كۆرە، (خەلقئارادىكى) بۇ خىل ئېتىراپ قەتئىي ئاساسسىز ۋە سىياسىي غەرەزنى چىقىش قىلغاندۇر. ئەمما بۇنداق ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈچۈن، بۇ كىتاب ئالدى بىلەن خەلقئارا جەمئىيەت قىلالمىغان ئىشنى قىلىشى؛ يەنى چوقۇم «تېرورلۇق» قا ئېنىقلىما بېرىشى ياكى ھېچ بولمىغاندا بۇ كىتابتا ئىشلىتىلگەن ۋاقىتتا بۇ ئاتالغۇنىڭ نېمىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەلىشى كېرەك.

كىتابنىڭ «تېرورلۇققا قارشى يەر شارىۋى ئۇرۇش»نى تەنقىدىي تەھلىل قىلىشى «تېرورلۇق» نىڭ پۈتۈن دۇنيا ئۈچۈن رېئال مەسىلە ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىشتىن دېرەك بەرمەيدۇ. 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى قورقۇنچلۇق ۋەقە بولۇپ، 2004 ـ يىلى رۇسىيەنىڭ بېسلان شەھرىدىكى مەكتەپتە، 2008 ـ يىلى ھىندىستاننىڭ بومباي شەھرىدە، 2011 ـ يىلى نورۋېگىيەنىڭ ئۇتويا شەھرىدە، 2014 ـ يىلى نىگېرىيەنىڭ گامبورۇ ۋە نگالا شەھەرلىرىدە، 2015 ـ يىلى فىرانسىيەنىڭ پارىژ شەھرىدە، 2019 ـ يىلى يېڭى زېلاندىيەنىڭ كرىستچېرچ شەھرىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ۋە يېقىنقى يىللاردا ئامېرىكادا ئەۋج ئالغان سىياسىي غەرەزلىك كەڭ كۆلەملىك ئوققا تۇتۇش ۋەقەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يۈزلەرچە ۋەقەگە ئوخشاشلا، ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت دەپ قارىلىشى كېرەك.

مەزكۇر زوراۋان قىلمىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىردەك رەزىل تەرىپى ــــ بۇلارنىڭ ئارقىسىدىكى ئىدېئولوگىيە ۋە سىياسىي مۇددىئا ئەمەس (گەرچە بۇلارمۇ كۆپىنچە ھاللاردا ئەيىبلەشكە تېگىشلىك بولسىمۇ)، شۇنداقلا ئاشۇ قىلمىشلارنى سادىر قىلغۇچىلارنىڭ ۋە ئۇلار تەۋە بولغان گۇرۇپپىنىڭ سالاھىيىتىمۇ ئەمەس. ئەكسىچە، مەزكۇر زوراۋان قىلمىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئەيىبلەشكە تېگىشلىك قىلغان ئىللەت ــــ بۇ ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ شۇ قىلمىشلارنى سادىر قىلغۇچىلارنىڭ سىياسىي ئىزتىراپى بىلەن بىۋاستە باغلىنىشى بولمىغان بىگۇناھ پۇقرالارنى قەستەن نىشانلىشىدۇر. مېنىڭ نەزىرىمدە، «تېرورلۇق»قا بېرىلگەن ھەرقانداق ئوبيېكتىپ ئېنىقلىما ۋە شۇنىڭدىن كېيىنكى «تېرورلۇق قىلمىشلىرى»نى ئەيىبلەشتە مۇشۇ يادرولۇق نۇقتىغا بىگۇناھ كىشىلەرنى زوراۋان سىياسىي توقۇنۇشلاردىن ــــ مەيلى بۇ توقۇنۇشلارنىڭ ماھىيىتىنىڭ نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ــــ قوغدايدىغان ۋاستە سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىنىشى كېرەك.

ماھىيەتتە، بۇ خىل پوزىتسىيە قوراللىق سىياسىي توقۇنۇشتا، غەيرىي دۆلەت خاراكتېرلىك ئىشتىراكچىلارنى دۆلەتلەرگە ئوخشاش ئۆلچەمگە ئاساسەن جاۋابكارلىققا تارتىش ئۇرۇنۇشىدۇر. بىراۋنىڭ قوراللىق توقۇنۇشتا بىر تەرەپكە قوشۇلۇش ـ قوشۇلماسلىقى كىشىنىڭ شۇ توقۇنۇش توغرىسىدىكى قىممەت قارىشى ۋە مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىدىغان نوقۇل سىياسىي مەسىلىدۇر. ھالبۇكى، خەلقئارالىق سىستېما زوراۋان سىياسىي توقۇنۇشنى خەلقئارالىق رېئاللىقنىڭ بىر قىسمى ۋە مۇئەييەن خەلقلەرنىڭ ئۆز ھوقۇقلىرىنى تونۇش ۋە ئۆزلىرىنى بېسىم ۋە ئېستېلادىن قوغداشتىكى دائىمىي تەقەززاسى دەپ تونۇدى. ئەنە شۇ سەۋەبتىن، خەلقئارالىق جەمئىيەت ئۇرۇشقا ئارىلىشىش قائىدىلىرىنى تۈزگەن ۋە بۇ قائىدىلەرنى ئىجرا قىلىدىغان ئورگانلارنى قۇرغان. «ئۇرۇش مەزگىلىدە، توقۇنۇشقا ئىشتىراك قىلغان تەرەپلەر قەستەن پۇقرالارنى نىشانغا ئالماسلىقى كېرەك» دېگەن بەلگىلىمە شۇ قائىدىلەردىن بىرىدۇر. ئاشۇنداق قىلغان (يەنى قەستەن پۇقرالارنى نىشانلىغان) دۆلەتلەر ئۇرۇش جىنايەتچىسى دەپ قارىلىدۇ، شۇنداقلا ئوخشاش ئىشنى سادىر قىلغان غەيرىي دۆلەت خاراكتېرلىك ئىشتىراكچىلارمۇ شۇنداق (ئۇرۇش جىنايەتچىسى) دەپ قارىلىشى كېرەك، ئەنە شۇ چاغدا ئۇلارغا «تېرورچى» دېگەن قالپاق يوللۇق رەۋىشتە كىيدۈرۈلسە بولىدۇ.

بۇ رادىكال پوزىتسىيە ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، بۇ 2002 ـ يىلى ئىسرائىلىيەنىڭ «تېرورلۇق» مەسىلىسىدىكى داڭلىق مۇتەخەسسىسى بوئاز گانور (Boaz Ganor) تەرىپىدىن، «تېرورلۇققا قارشى يەر شارىۋى ئۇرۇش»نى تېخىمۇ ئاقىلانە ۋە غەلىبىگە ئېرىشكىلى بولىدىغان ئۇرۇشقا ئايلاندۇرۇشنىڭ، شۇنداقلا بىگۇناھ پۇقرالارنى سىياسىي توقۇنۇشنىڭ زوراۋانلىقىدىن ھەقىقىي رەۋىشتە قوغداشنىڭ ۋاستىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. خۇددى گانورنىڭ قەيت قىلغىنىدەك، «تېرورلۇق»نىڭ توغرا ۋە ئوبيېكتىپ ئېنىقلىمىسى ئېتىراپ قىلىنغان خەلقئارالىق قانۇنلارنى ۋە دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇنتىزىم ئۇرۇشلاردا قانداق قىلمىشلارغا رۇخسەت قىلىنىدىغانلىقىغا ئالاقىدار پىرىنسىپلارنى ئاساس قىلسا بولىدۇ. بۇ قانۇنلار جەنۋە ۋە گائاگا ئەھدىنامىلىرىدە بايان قىلىنغان بولۇپ، مەزكۇر ئەھدىنامىلەرمۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە «ئۇرۇش مەزگىلىدە ئەسكەرلەرگە قەستەن زىيانكەشلىك قىلىش زۆرۈر رەزىللىك، شۇڭا رۇخسەت قىلىنىدۇ؛ ئەمما پۇقرالارنى قەستەن نىشانلاش قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ» دېگەن ئۇلۇغ پىرىنسىپنى ئاساس قىلغان. شۇڭا بۇ ئەھدىنامىلەر ھەربىي رەقىبىگە ھۇجۇم قىلغان ئەسكەرلەر بىلەن پۇقرالارغا قەستەن ھۇجۇم قىلغان ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى پەرقلەندۈرىدۇ (29). گانورنىڭ ئوتتۇرىغا قويغىنىدەك، ئۇرۇش جەريانىدا دۆلەتلەرگە تەدبىقلىنىدىغان بۇ پىرىنسىپ سىياسىي توقۇنۇشقا قاتناشقان غەيرىي دۆلەت خاراكتېرىدىكى ئىشتىراكچىلارغىمۇ تەدبىقلىنىشى كېرەك. پۇقرالارغا قارىتا قەستەن سىياسىي غەرەزلىك زوراۋانلىق ھۇجۇمى قىلغان غەيرىي دۆلەت خاراكتېرىدىكى ئىشتىراكچىلارنى «تېرورچى» دەپ قاراش، ھەربىي، ساقچى ۋە دۆلەت ئورگانلىرىغا بۇ خىل مەقسەتتە ھۇجۇم قىلغانلارنى پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلغۇچىلار دەپ چۈشىنىش كېرەك. بىر دۆلەتنىڭ بۇنداق پارتىزانلىق ئۇرۇشىغا قارىتا، خەلقئارادا ئېتىراپ قىلىنغان ئۇرۇش قىلىش

قائىدىسىگە كۆرە، شۇ ھۇجۇمنى سادىر قىلغۇچىلارغا قورال كۆچى ئارقىلىق ئىنكاس قايتۇرۇشى ئەلۋەتتە ئەقىلگە مۇۋاپىق، ئەمما بۇ ئاشۇ دۆلەتلەرنىڭ ھۇجۇم ئوبيېكتلىرىنىڭ «تېرورچى» دەپ قارىلىشى ۋە دۇنيا مىقياسىدا ئومۇمىيۈزلۈك ئەيىبلىنىشى كېرەكلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ.

گانورنىڭ مەنتىقىسىگە كۆرە، بۇ خىل پەرقلەندۈرۈش ھەم بىگۇناھ پۇقرالارنى قوغدايدۇ، ھەم غەيرىي دۆلەت خاراكتېرلىك ئىشتىراكچىلارنىڭ قورال‌لىق قارشىلىق كۆرسىتىش ھوقۇقىنى ئېتراپ قىلىدۇ. چۈنكى، ئەگەر غەيرىي دۆلەت خاراكتېرلىك ئىشتىراكچىلارنىڭ ھەممىسى بۇ خىل ھوقۇقتىن مەھرۇم قىلىنسا، بىزنىڭ زامانىۋى دۇنيا سىستېمىمىزمۇ، زامانىۋى باشقۇرۇشنىڭ بىر شەكلى بولمىش دېموكراتىيەمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. (ئەگەر ئەھۋال شۇنداق بولسا) مۇستەملىكىدىن كېيىنكى مۇستەقىل دۆلەتلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان مۇستەملىكچىلىككە قارشى ئازادلىق ھەرىكەتلىرىمۇ، پادىشاھلىق تۈزۈمنىڭ ئورنىغا بۈگۈنكى زامانىۋى دۆلەت شەكلىنى دەسسىتىدىغان ئىنقىلابمۇ بولمىغان بولاتتى. گانورغا كۆرە، بۇ خىل ئوبيېكتىپ ۋە قىلمىشنى ئاساس قىلغان پەرقلەندۈرۈش ئۆز نۆۋىتىدە يەنە سىياسىي سۇبيېكتىۋىزمغا تولغان «تېرورچىمۇ؟ ئەركىنلىك جەڭچىسىمۇ؟» ئىختىلاپىنىمۇ ھەل قىلىدۇ.

گانور ئوتتۇرىغا قويغان، مەزكۇر كىتابتا «تېرورلۇق»نىڭ جانلىق ئېنىقلىمىسى سۈپىتىدە قوللىنىلغان ئېنىقلىمىغا كۆرە، «تېرورلۇق قىلمىشى»نىڭ ئۆلچىمى ـــ شۇ قىلمىشنىڭ زوراۋان، سىياسىي غەرەزگە ئىگە ۋە قەستەن پۇقرالارنى نىشانلىغان بولۇشىدۇر (30). مەن كىتابتىكى جانلىق ئېنىقلىمىنى چىقىش قىلغان ئاساستا، شۇنى قوشۇمچە قىلماقچىمەن، بۇ خىل ئېنىقلىما مەزكۇر قىلمىشنىڭ ئالدىن پىلانلانغانلىقىدىن ۋە ئادەتتە (ئەمما چوقۇم بولۇشى ناتايىن) تېخىمۇ كۆپ كىشىلەردە قورقۇنچ پەيدا قىلىدىغان ۋاستە سۈپىتىدە ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۈبھىسى شەكسىزكى، بۇ خىل «تېرورلۇق قىلمىشى»نى سادىر قىلغان ھەرقانداق كىشى «تېرورچى» سۈپىتىدە جاۋابكارلىققا تارتىلىشى، شۇنداقلا ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىگە بېرىلگەنگە ئوخشاش، ھەم ئېغىر، ھەم ئوبيېكتىپ تەھلىل ۋە كونكرېت دەلىل ـ ئىسپاتلارنى ئاساس قىلغان جازالارغا تارتىلىشى كېرەك.

بۇ خىل جانلىق ئېنىقلىما «پۇقرا زادى كىم؟» دېگەن سوئالغا ناھايىتى ئەستايىدىل، ئىنچىكە جاۋاب بېرىشنى تەقەززا قىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇ ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ ئېنىقلىمىسىغا ئوخشىمايدۇ. ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئېنىقلىمىسىدا، «تېرورلۇق» دېگەن ئىبارە دۆلەتتىن تۆۋەن دەرىجىلىك گۇرۇپپىلار ياكى مەخپىي ئالاھىدە خادىملارنىڭ قورالسىز نىشانغا قاراتقان، ئالدىن پىلانلانغان، سىياسىي غەرەزلىك زوراۋانلىقىنى كۆرسىتىدۇ (31). گانور كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئېنىقلىمىسى ھەربىي خادىملارنى، بىخەتەرلىك ئورگانلىرىنى ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشتا قوغدالمايدىغان ئۇسۇللار بىلەن قوغدايدۇ ـ دە، نەتىجىدە غەيرىي دۆلەت خاراكتېرلىك ئىشتىراكچىلارنىڭ (ھەربىي خادىم ياكى ئورگانلارغا) ئۇلار ئۇرۇشقا پائال ئىشتىراك قىلمىغان ۋاقىتتا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشى

«تېرورلۇق» دەپ قارىلىدۇ. ھالبۇكى، بۇ خىل تاكتىكىلار ئادەتتىكى ئۇرۇشتا قوبۇل قىلىنىدۇ ۋە (يۈز بېرىشى) تەخمىن قىلىنىدۇ.

مەزكۇر جانلىق ئېنىقلىمىغا ئاساسەن، ئۇيغۇرلار 1990 ـ يىللارغىچە، بولۇپمۇ 2013 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا سادىر قىلغان زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ ئىچىدە «تېرورلۇق قىلمىشى» دەپ ئېنىق بېكىتكىلى بولىدىغانلىرى پەۋقۇلئاددە ئاز. بۇنىڭدىن سىرت، ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن سادىر قىلىنغان دېيىلگەن، «تېرورلۇق» دەپ قارىلىشى مۇمكىن بولغان بۇ خىل زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرى ھەققىدە جەزملەشتۈرۈلگەن تەپسىلاتلارنىڭ كەمچىل بولۇشى، بۇ قىلمىشلارنىڭ بۇنداق (يەنى تېرورلۇق) خاراكتېرگە ئىگە ياكى ئەمەسلىكى توغرىسىدا كەسكىن يەكۈن چىقىرىشقا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. بۇ خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ 2000 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا كۈچلۈك «تېرورلۇق تەھدىتى» بارلىقىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلىقىغا، شۇنداقلا خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ بۇنى ئېتىراپ قىلغانلىقىغا نىسبەتەن گۇمان تۇغدۇرىدۇ.

كىتابتا «تېرورلۇق» ئۇقۇمىنى مەنىسىز سۇبيېكتىپلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ۋاستىسى سۈپىتىدە مەزكۇر جانلىق ئېنىقلىما قوللىنىلغان بولسىمۇ، ئەمما تېكىست ئىچىدە بۇ سۆزنىڭ سۇبيېكتىپ ھالدا، كۆپىنچە ھاللاردا خىتاي دۆلىتى تەرىپىدىن، ئۇيغۇرلارنىڭ قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنى خۇنۈكلەشتۈرۈش، ھەتتا ئۇيغۇرلارنى بىر پۈتۈن مىللەت سۈپىتىدە ئىنسانىيسىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىۋاتقانلىقى بىلدۈرۈلمەكچى بولغاندا، (تېرورلۇق دېگەن) بۇ سۆز قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدى. مەزكۇر كىتابتا بىر قىلمىشنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا «تېرورلۇق» دەپ ئەيىبلىنىشى كېرەك ياكى ئەمەسلىكىگە ــ ماڭا كۆرە ــ ئوبيېكتىپ ھالدا يەكۈن چىقىرىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بۇ ئاتالغۇغا بولغان جانلىق ئېنىقلىمىسى تىلغا ئېلىنغاندا، بۇ نۇقتا ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شۇنىڭدەك، كىتابتا «ئاشقۇنلۇق» ۋە «بۆلگۈنچىلىك»كە مۇناسىۋەتلىك ئاتالغۇلار تىلغا ئېلىنغاندىمۇ، بۇلار قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىندى. خىتاي دۆلىتى بۇلارنى ئاتالمىش «ئۈچ خىل كۈچ» بىلەن باغلىنىشلىق تەھدىت سۈپىتىدە «تېرورلۇق» ئىبارىسى بىلەن ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىدۇ. ھالبۇكى، شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، مېنىڭچە، «ئاشقۇنلۇق» ۋە «بۆلگۈنچىلىك» ئاتالغۇلىرىنىڭ سۇبيېكتىپلىقى ۋە سىياسىي پۇرىقى ئۇلارنى ئوبيېكتىپ سۈپەتلەر ئورنىدا قوللىنىش ئىمكانىيىتىنى، شۇنداقلا ئۇلارغا تېخىمۇ ئوبيېكتىپ جانلىق ئېنىقلىما بېرىش زۆرۈرىيىتىنى يوققا چىقىرىدۇ.

بۇ ئاتالغۇلارنىڭ سۇبيېكتىپلىقىنى ئېنىق ئېتىراپ قىلىش بىر قىسىم ئوقۇرمەنلەرگە تولىمۇ ئۇششاق ئىلمىي نۇقتىدەك تۇيۇلسىمۇ، ئەمما بۇ ئاتالغۇلارنىڭ سۇبيېكتىپچانلىقىنى ئېنىق بىلىش ئىنتايىن مۇھىم، چۈنكى ئۇلار ھەممىلا جاينى قاپلاپ، تەسىرى بەكلا كۈچىيىپ كەتتى. نەتىجىدە، دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر باشقا دۆلەتلەرنىڭ بىز ھەممىمىز بىلىمىز دەپ ئويلىۋالغان، ئېنىقلىما بېرىلمىگەن دۈشمەنگە زەربە بېرىش نامىدا كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلىش ۋە ۋەھشىي زوراۋانلىق قىلمىشلىرىنى سادىر قىلىش ئۇسۇللىرىغا بولغان سەزگۈرلۈكىنى يوقاتتى. چۈنكى، «تېرورچى»لىق قالپىقى ئەڭ ئاخىرىدا شۇ قالپاق

كىيگۈزۈلگەن كىشىلەرنى ئىنسانىيسىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. بۇ كىتابنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىدە، («تېرورچى» دېگەن) بۇ ئاتالغۇنىڭ ئۆز ئوبيېكتىنى ئىنسانىيسىزلاشتۇرۇش كۈچى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ «تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش» نامىدا ئۇيغۇر خەلقىگە قاراتقان كولتۇرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى يوللۇقلاشتۇرۇش مېتودىدا ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ.

## «تېرورچى» قالىپىقى كىيدۈرۈشتە ئىنسانلىقتىن چىقىش

11 ـ سېنتەبىردىكى دەھشەتلىك ۋەقەنى كۆزدە تۇتقاندا، «تېرورلۇققا قارشى يەر شارىۋى ئۇرۇش»نىڭ «تېرورچى»لارنى زامانىۋى ئۇرۇشتا مەسىلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە تېزلىكتە ئىنسانىيسىزلاشتۇرالىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. بۇ خىل ئىنسانىيسىزلاشتۇرۇشنى ئۇرۇشنى يوللۇقلاشتۇرغۇچى نۇتۇقلارنىڭ مەھسۇلى دېگەندىن كۆرە، بۇ توقۇنۇشنىڭ قانداق ۋە كىمگە قارشى ئېلىپ بېرىلىش ئۇسۇلىنىڭ مەھسۇلى دېگەن تۈزۈك. بۇ مەنپەئەتكە ئېرىشكۈچى يەنە بىر دۆلەتكە قارشى ئۇرۇش بولماستىن، بەلكى ئىدراكسىز ۋە تەشكىلسىز دەپ قارالغان مۇئەييەن بىر كاتېگورىيەگە تەۋە كىشىلەر بىلەن بولغان توقۇنۇشتۇر. بۇ دۈشمەننىڭ چېگراسى يوق، ئەمما ھەر قانداق يەردىن قوشۇن توپلىيالايدۇ. شۇڭا، ئامېرىكا ئۇرۇشنىڭ باشلىنىشىدىلا، بۇ ئىدراكلىق دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇش ئەمەس، بەلكى جەمئىيەتنى شۇ جەمئىيەتنىڭ ئۆزىدىن قوشۇن توپلىيالايدىغان مەۋجۇتلۇق تەھدىتىدىن قوغداش ئۇرۇنۇشى بولغاچقا، دۆلەتلەر ئارا توقۇنۇشتا ئىشلىتىلىدىغان قائىدىلەرنى (ئاتالمىش «تېرورلۇق»قا قارشى ئۇرۇشلارغا) تەدبىقلاشنىڭ ھاجىتى يوق دەپ قارىدى. پەيلاسوپ سلاۋوج زىزېكنىڭ (Slavoj Zizek) ئوتتۇرىغا قويغىنىدەك، بۇ توقۇنۇش ھەقىقىدىكى يېڭى تەپەككۇر مېتودىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، بۇ مېتود 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن بۇرۇنلا شەكىللىنىپ بولغانىدى.

ئۇنىڭ قەيت قىلغىنىدەك: «ھازىر كونا مەنىدىكى ئۇرۇش، يەنى (مەھبۇسلارغا قىلىنىدىغان مۇئامىلە، مۇئەييەن قورال‌لارنىڭ چەكلىنىشى قاتارلىق جەھەتلەردە) مۇئەييەن بەلگىلىمىلەرگە بويسۇنىدىغان، ئېنىقلىك ھوقۇقلۇق دۆلەتلەر ئارىسىدىكى قېلىپلاشقان توقۇنۇشلار مەۋجۇت ئەمەس» (32). زىزېكقا كۆرە، دۆلەتلەر ئارىسىدىكى قېلىپلاشقان توقۇنۇشلارنىڭ ئورنىنى ئالغان بۇ خىل «يېڭى» توقۇنۇشلار ئاساسەن قائىدىسىز بولۇپ، ئۇ ئۇنىۋېرسال تەرتىپنىڭ كۈچىگە جىنايى قىلمىشلار ئارقىلىق قارشى چىققۇۋاتقان، «قانۇنسىز جەڭچى» دەپ قارالغان مۇشتۇمزور كىشىلەر توپىنىڭ تەھدىتىنى پەسەيتىنى دەپ قارالغان (33). بۇ خىل مەنتىقىگە كۆرە، دۆلەتلەر تەھدىت پەيدا قىلغان كىشىلەرنى يوقىتىش، تىنچلاندۇرۇش ياكى ئايرىپ

سولاش ئارقىلىق تىنچلىق ۋە تەرتىپ بەرپا قىلىپ، توقۇنۇشتا «شاپائەتچى»لىك رولىنى ئوينايدۇ. بۇ خىل يېڭى تىپتىكى توقۇنۇشلارنىڭ تىپىك نامايەندىسى بولغان «تېرورلۇققا قارشى يەر شارىۋى ئۇرۇش» ئۆزىنىڭ «تېرورچى» دۈشمەنلىرىنى قانداقتۇر سىياسىي غەرەزلىك جەڭچى ياكى ئاددىي جىنايەتچىلەر ئەمەس، بەلكى قانۇنسىز ۋە يولسىز كىشىلەر قىلىپ سۈپەتلەيدۇ. «تېرورلۇققا قارشى يەر شارىۋى ئۇرۇش»نىڭ «تېرورچى» دۈشمەنلىرى مەدەنىي ھايات كاتېگورىيەسىنىڭ سىرتىدا بولۇپ، مەزكۇر كاتېگورىيەدىكىلەر بەھرىمەن بولىدىغان ھوقۇقلاردىن بەھرىلىنىشكە لايىق ئەمەس، دەپ قارىلىدۇ. ئۇلار مەدەنىي دۇنياغا نىسبەتەن بىئولوگىيىلىك تەھدىت دەپ تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىدىئولوگىيىسى كېسەل تارقالغاندەك باشقىلارغا تارقىلىشتىن ئىلگىرى، ئۇلار چوقۇم ھەرقانداق زۆرۈر ۋاستىلەر ئارقىلىق يوقىتىلىشى ياكى مۇددەتسىز تۇتقۇن قىلىنىشى كېرەك.

بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مىشېل فوكولت (Michel Foucault) بايان قىلغان «بىئوپولىتىكا» (biopolitics) ئۇقۇمى «تېرورلۇققا قارشى يەر شارىۋى ئۇرۇش»نىڭ مەنتىقىسىنى چۈشىنىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. فوكولتنىڭ نەزىرىدە، «بىئوپولىتىكا» زامانىۋى سىياسىي تۈزۈلمىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. مەزكۇر سىياسىي تۈزۈلمىدە دۆلەت ئۆزىنىڭ بارلىق قىلمىشلىرىنى جەمئىيەتنىڭ ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش دەپ قارايدىغان بولۇپ، بۇ ئۆز نۆۋىتىدە جەمئىيەتنى ئۆز ئاھالىسىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىن كېلىدىغان ساغلاملىق تەھدىتىدىن قوغداشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، بىئوپولىتىكىلىق تۈزۈم جەمئىيەتنى جانلىق ئورگانىزم سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىدۇ، بۇ تۈزۈمگە كۆرە شۇ جەمئىيەتنىڭ ساغلاملىقى جەمئىيەتتىكى ئۈنۈمدار كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۈنۈمسىز، ھەتتا زىيانلىق كىشىلەرنىڭ يۇقۇملىنىش يوشۇرۇن كۈچىنى يوقىتىشقا باغلىقتۇر. شۇ ۋەجىدىن، دۆلەت جەمئىيەتنى بۇ ئۈنۈمسىز ۋە زىيانلىق ئامىللارنىڭ يۇقۇملاندۇرۇشىدىن قوغدىشى، جەمئىيەت ئورگانىزمىنىڭ ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، چوقۇم مەزكۇر ئامىللارنى «قوغلاپ چىقىرىشى، يەكلىشى ۋە باستۇرۇشى» كېرەك (34). فوكولتنىڭ بىئوپولىتىكىلىق سىستېمىدىكى ئۇرۇشنىڭ نىشانىنى چۈشەندۈرۈشىدە بۇ خىل مەنتىقە تولىمۇ گەۋدىلىك: «يوقىتىشقا تېگىشلىك دۈشمەنلەر سىياسىي مەنىدىكى دۈشمەنلەر ئەمەس. ئۇلار مەيلى تاشقى ياكى ئىچكى جەھەتتىن بولسۇن، خەلق ئۈچۈن تەھدىتتۇر ... باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۆلتۈرۈش ياكى ئۆلتۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكى ـــ سىياسىي رەقىبلەرنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلماستىن، پەقەت شۇ تۈركۈم ياكى ئىرققا قارىتىلغان بىئولوگىيىلىك تەھدىتنى تۈگىتىش بىلەن نەتىجىلەنسە، ئاندىن قوبۇل قىلىنىدۇ» (35).

بۇ ئۇقۇملارنى «تېرورلۇققا قارشى يەر شارىۋى ئۇرۇش»قا تەدبىقلىغاندا، ئۇرۇشنىڭ «تېرورچى» دۈشمەننى ئىنسانىيسىزلاشتۇرۇشتا قانداق رول ئوينىغانلىقىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. ئۇرۇش ئۇلارنى دۈشمەن ئەمەس، تەھدىت دەپ قاراش ئارقىلىق، ئۇلارنى ھەر قانداق سىياسىي مۇددىئا ياكى زۇلۇم

تـارىخـدىن جۇدا قـىلـدۇ. ئەكسـىچە، ئۇلار راك كېسلىگە ئـوخـشاش، ئۆلۈم ۋە ھالاكەتـنىڭ ئـىدراكسىز ئەلچىلىرى دەپ تەسەۋۋۇر قىلـىنـدۇ. شۇنـىڭ بـىلەن، «سـاغـلام» جەمئىيەتـتىكـىلەرگە بېرىلـگەن ھەق - ھوقۇقـلار ئۇلارغـا بېرىلـمەيـدۇ. بۇ سەۋەبـتىن، زىزېك «تېرورلۇقـقا قـارشـى يەر شـارىۋى ئۇرۇش»تـىكـى «تېرورچى» دۈشمەننى قەدىمكى رىمدا دىنىي ۋە سىياسىي جەمئىيەتتىن قوغلانغان، شۇنداقلا رىم قانۇنىنىڭ قوغدىشىغا ئېرىشەلمىگەن «لەنەتكەردى»لەرنىڭ (homo sacer) زامانىۋى ۋارىيانتىغا ئايلىنىپ قالدى دەپ قارىغان (36).

«تېرورلۇققا قارشى يەر شارىۋى ئۇرۇش»تىكى «تېرورچى» دۈشمەننىڭ «لەنەتكەردى»لەر سۈپىتىدە كۆرۈلۈشى بەلكىم ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ گۇەنتانامو قولتۇقىدىكى تۈتۈپ تۇرۇش مەركىزىدە قانۇنسىز ھالدا تۇتقۇن قىلىنغان تېرور گۇمانىدارلىرىغا «ئۇرۇش ئەسىرى» ياكى «جىنـايەتچى» دېگەنـدەك سالاھىيەت بېكىتمەستىنلا، ئۇلارنى قـانۇنىنىڭ قـوغـدىشـىدىن مەھرۇم ھالـدا ئـايرىپ سـولاش قـارارىدا ئەڭ روشەن گەۋدىلەنگەن بولۇشى مۇمكىن (37). ئەمما بۇ ھەقىقىي يەرشارى خاراكتېرلىك ھادىسە بولۇپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر «تېرورلۇق» ھېكايىسىدىن پايدىلىنىپ، خەتەرلىك كىشىلەر ئولتۇراقلاشقان كونتروللسىز بوشلۇقنىڭ دۆلەت ھالقىغان جۇغراپىيەلىك مۇھىتىنى بەرپا قىلدى. (شۇ دۆلەتلەرنىڭ نەزىرىدە) قانۇن تەرىپىدىن قوغدالمىسمۇ بولىدىغان مەزكۇر جۇغراپىيەلىك مۇھىتنىڭ باشقىلارغا بىخەتەرلىك (ياكى يۇقۇملۇق بىئولوگىيىلىك) تەھدىتى ئېلىپ كېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇنى چوقۇم ئايرىۋېتىش ياكى يوقىتىش كېرەك (38). روشەنكى، خىتاينىڭ ئۇيغۇر ۋەتىنىدىكى كەڭ كۆلەملىك جازا لاگېرلىرىنىڭ ۋە ئۇيغۇر كۇلتۇرىنى «كېسەل داۋالاش»قا ئوخشاش ئۇسۇلدا يوقىتىش ئۇرۇنۇشىنىڭ ئارقىسىدىكى مەنتىقىمۇ دەل ئاشۇدۇر.

«تېرورلۇققا قارشى يەر شارىۋى ئۇرۇش»تىكى «دۈشمەن» جەمئىيەتكە نىسبەتەن مەۋجۇتلۇق تەھدىتى دەپ خاراكتېرلەنگەندىن سىرت، كۇلتۇرەل خۇسۇسىيەتكىمۇ ئىگە. ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانلاردۇر. ئۇلار پەيدا قىلغان تەھدىت ھەر قانداق بىر مۇسۇلماننى يۇقۇملاندۇرۇشى مۇمكىنلىكى قىياس قىلىنغان، ئىسلامدىكى مەلۇم بىر «ئاشقۇن» ئېقىمدىن مەنبەلەنگەن دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا، ئۇرۇشنىڭ دەسلەپىدە، ئامېرىكا ۋە باشقا غەرب دۆلەتلىرى «ياخشى» ياكى «مۆتىدىل» مۇسۇلمانلار بىلەن «ناچار» ياكى «ئاشقۇن» مۇسۇلمانلارنى پەرقلەندۈرۈش ئارقىلىق بۇ تەھدىتكە تاقابىل تۇرماقچى بولدى. ئەمما، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بۇ ھەر قانداق بىر مۇسۇلماننى ئىسلامدىكى «ئاشقۇن» ئېقىمنىڭ يوشۇرۇن ۋاستىچىسى سۈپىتىدە كۆرۈشكە، شۇنداقلا جەمئىيەتنى بۇ «ئاشقۇن» ئېقىمدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بارلىق مۇسۇلمانلارنى جەمئىيەتتىن سىقىپ چىقىرىشنى تەرغىب قىلىدىغان ئىسلام دۈشمەنلىكىگە سەۋەب بولدى. بۇ خىل مەنتىقە دونالد ترامپنىڭ «مۇسۇلمانلارنىڭ ئامېرىكاغا ساياھەتكە كېلىشىنى چەكلىشى»دە، شۇنداقلا ياۋروپا ۋە ئامېرىكادىكى، «تېرورلۇق تەشكىلاتلىرى» بىلەن مۇناسىۋىتى يوق مۇسۇلمانلارغا قارىتىلغان

ئۆچمەنلىك جىنايەتلىرىنىڭ ئەۋج ئېلىشىدا روشەن ئىپادىلىنىدۇ (39). شۇنىڭدەك، دۇنيادىكى مۇسۇلمانلار ئاز سانلىق ھېسابلىنىدىغان نۇرغۇن دۆلەتلەردە، جۈملىدىن خىتاي ۋە ھىندىستاندا، مۇسۇلمانلارنى چەتكە قېقىشنى تەرغىب قىلىدىغان ئىسلام دۈشمەنلىكى ھەم دۆلەت سىياسىتىدە، ھەم كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىدە بارغانسېرى روشەنلەشمەكتە. مەنچە «تېرورلۇققا قارشى يەر شارىۋى ئۇرۇش»نىڭ كۈلتۈر جەھەتتە ئىسلامدىكى «ئاشقۇن» ئېقىم دەپ خاراكتېرلەندۈرۈلگەن تەھدىتنى ئايرىش ـ يوقىتىشتىن ئىبارەت بىئوپولىتىك مەنتىقىسى ئاخىرىدا ئىرقىي قىرغىنچىلىق خاھىشىغا مۇپتىلا بولغان جېدەلخور ئىسلام دۈشمەنلىكىنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ بېرمانىڭ روھىنگىيانى چەتكە قېقىشىدا، بۇ كىتاب ئۆچۈن تېخىمۇ مۇھىمى، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىشىدا، شۇنداقلا ئۇيغۇر كۈلتۈرى ۋە كىملىكىگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئومۇمىي ئۇرۇشىدا ئېنىق كۆرۈنەرلىكتۇر. بۇ خىل ئارقا كۆرۈنۈشتە، كىشى «تېرورلۇققا قارشى يەر شارىۋى ئۇرۇش» دەۋرىدە «تېرورچى»لىق قالپىقى كىيگۈزۈلۈشنىڭ يوشۇرۇن ئىزتىراپىنى چۈشىنىپ يېتەلەيدۇ. «تېرورلۇققا قارشى يەر شارىۋى ئۇرۇش» مەلۇم بىر خەلقنى پۈتۈن يەر شارى ئۈچۈن مەۋھۇم بىئولوگىيىلىك تەھدىت دەپ كۆرسىتىپ، ئۇلارنى چەتكە قېقىشلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈنلەي يوقىتىۋېتىش ياكى تەلتۆكۈس ئايرىپ باشقۇرۇش كېرەكلىكىنى دەۋا قىلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن، 2002 ـ يىلى ئۇيغۇر خەلقى ئېچىدىكى ئاتالمىش «تېرورلۇق تەھدىتى»نىڭ خەلقئارادا ئېتىراپ قىلىنىشى ئۇيغۇر دىيارىدا 2017 ـ يىلىدىن باشلانغان كۈلتۈرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ قانداق يۈز بەرگەنلىكى توغرىسىدىكى ۋەقەلىكتىكى ھالقىلىق پەيتتۇر. گەرچە «تېرورلۇققا قارشى يەر شارىۋى ئۇرۇش»نىڭ بىئوپولىتىكىلىق مەنتىقىسى خىتاينىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە ۋە ئۇلارنىڭ كىملىكىگە قارىتا ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قوزغىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇ چوقۇم بۇ ھۇجۇمنى ئىجرا قىلىشتىكى ئىنسانىيلىققا زىت ئۇسۇلدىن شەپە بېرىدۇ ۋە ئۇنى يوللۇقلاشتۇرىدۇ.

## كىتابنىڭ قۇرۇلمىسى

مەزكۇر كىتابنىڭ تەھلىلى يەرلىك ۋە دۇنياۋى ھادىسىلەرنىڭ تۈگۈنىگە مەركەزلەشكەن. بىر تەرەپتىن، بۇ كىتاب 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن بۇيانقى ئىسلامىي «تېرورلۇق» تەھدىتىگە ئالاقىدار يەرشارى خاراكتېرلىك «رىۋايەت»نىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىغا قىسمەن قولايلىق ياراتقانلىقىنى مۇھاكىمە قىلسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ «رىۋايەت»نىڭ خىتاي دۆلىتى تەرىپىدىن قانداق قىلىپ يېقىنقى زاماندىكى خىتاي دۆلىتى بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇستەملىكىچىلىك

مۇناسىۋەتلىرىنىڭ تېخىمۇ ئۇزۇن ۋە يەرلىك تارىخىنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ۋاستىسى سۈپىتىدە قوللىنىلغانلىقىنى تەھلىل قىلدى. گەرچە كىتابتا باشتىن ئاخىر مۇشۇ خىل يەرلىك ۋە يەر شارىۋى تەھلىل ئارىسىدىكى كېسىشىش مەۋجۇت بولسىمۇ، ئالدىنقى ئىككى بابتا ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي ئىچىدىكى ھازىرقى ناچار ۋەزىيىتىنىڭ يەرلىك ۋە دۇنياۋى ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئورۇن بېرىلدى.

بىرىنچى بابتا يېقىنقى زامان خىتاي دۆلىتى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇناسىۋەتلىرىنىڭ 2001 - يىلىغىچە بولغان ئۇزۇن مۇددەتلىك تارىخى ئارقىلىق كىتاب تەھلىلىنىڭ يەرلىك ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئورۇن بېرىلىپ، بۇ مۇناسىۋەتنىڭ مۇستەملىكە خاراكتېرى تەكىتلەنگەن. 2 - بابتا مەزمۇن «تېرورلۇققا قارشى يەر شارىۋى ئۇرۇش»تىن ئىبارەت يەرشارى خاراكتېرلىك ھادىسىگە، ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارغا كۆرسەتكەن تەسىرىگە، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ خىتاي دۆلىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە يۆتكەلگەن. 3 - بابتا ئۇيغۇرلارنىڭ 2013 - يىلىغىچە بولغان جەرياندىكى ئاتالمىش «تېرورلۇق تەھدىتى»نىڭ باشقىچە ۋارىيانتى بايان قىلىنغان. بۇ جەھەتتە ئۆز تەتقىقاتىم ئاساس قىلىنغان بولۇپ، تاكى 2013 - يىلىغىچە ئۇيغۇر جىھادىي گۇرۇپپىلىرىنىڭ خىتاي جەمئىيىتىگە نىسبەتەن ئاتالمىش «تېرورلۇق تەھدىتى» شەكىللەندۇرۇپ باقمىغانلىقى، 2013 - يىلىدىن كېيىنمۇ بۇ ئاتالمىش «تېرورلۇق تەھدىتى»نىڭ ئىزچىل ئەڭ تۆۋەن ھالەتتە تۇرۇپ كەلگەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

كىتابنىڭ ئاخىرقى ئۈچ بابىدا 2001 - يىلىدىن باشلاپ ئۇيغۇر ۋەتىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەر بايان قىلىنغان بولۇپ، خىتاينىڭ كۈچەمەن مۇستەملىكچىلىكى ۋە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «تېرورلۇق تەھدىتى»نىڭ مەۋجۇتلۇقى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن خىتاي دۆلىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ كونسېرى كەسكىنلىشىشىگە قانداق تەسىر كۆرسەتكەنلىكى تەتقىق قىلىنغان. بۇ تەدرىجىي ھالدا ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي جەمئىيىتى ئۈچۈن خەتەرلىك ۋە مەۋجۇتلۇق تەھدىتى سۈپىتىدە بارغانسېرى قاتتىق نىشانلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، بۇ مەنتىقە ئاخىرىدا بىز بۈگۈن كۆرۈۋاتقان دۆلەت رەھبەرلىكىدىكى كۈلتۈرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىق بىلەن نەتىجىلەنگەن.

4 - بابتا شۇلار چۈشەندۈرۈلگەن: گەرچە ئۇيغۇرلارنىڭ «تېرورلۇق تەھدىتى» 2002 - يىلى خەلقئارادا ئېتىراپ قىلىنغان بولسىمۇ، «تېرورلۇققا قارشى يەر شارىۋى ئۇرۇش»نىڭ دەسلەپكى ئون يىلدا ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنىدە ئۇيغۇرلارنىڭ رەھبەرلىكىدىكى، ئالدىن پىلانلانغان سىياسىي زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرى ـــ شۇنداق ئىشلار راستلا مەۋجۇت دېگەن تەقدىردە ـــ پەۋقۇلئاددە ئاز كۆرۈلدى. نەتىجىدە، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى 2000 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇرلارغا قاراتقان سىياسەت ئۇلارنىڭ 1990 - يىللاردىكى سىياسەتلىرىدىن ھېچقانچە پەرقلەنمىدى، گەرچە ئۇلار «تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش» ئۇرۇنۇشى سۈپىتىدە تاجاۋۇزچىلىق خاراكتېرى تېخىمۇ كۈچلۈك ۋە قانۇننىڭ چەكلىمىسىدىن تېخىمۇ خالىي قىلىپ بېكىتىلگەن بولسىمۇ.

5 ـ باب 2013 ـ يىلدىن 2016 ـ يىلغىچە بولغان مەزگىلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇ بابتا خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئۇيغۇر ئۆكتىچىلىرىنى باستۇرۇش باھانىسى سۈپىتىدە ئۇيغۇر «تېرورلۇق تەھدىتى» توغرىسىدىكى سەممىيەتسىز دەۋاسىنى كۆتۈرۈپ چىققان تۇنجى ئون يىلنىڭ قانداق قىلىپ ھەم خىتايدا، ھەم چەتئەللەردە ئۇيغۇر قوراللىق كۈچلىرى توغرىسىدىكى ئۆز ـ ئۆزىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان بېشارەتكە (self ـ fulfilling prophecy ـــ ئۆز ـ ئۆزىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان بېشارەت: بىراۋنىڭ مەلۇم بىر نەرسە ھەققىدە «ئالدىن بېشارەت بېرىشى» ياكى شۇ ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىنى كۈتۈشىدىن ئىبارەت ئىجتىمائىي جەمئىيەتشۇناسلىق ھادىسىسى بولۇپ، بۇ خىل «ئالدىن بېرىلگەن بېشارەت» ياكى كۈتۈش پەقەت شۇ كىشىنىڭ ئاشۇ ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلىقى ۋە شۇنىڭدىن كېيىنكى قىلمىشلىرىدا شۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا مايىل ھەرىكەت قىلغانلىقى سەۋەبلىكلا ۋۇجۇدقا چىقىدۇ، ۋىكىپېدىيا) ئايلانغانلىقى كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ. بۇ جەريان ئاساسلىقى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ 2009 ـ يىلىدىكى ئۈرۈمچى مالىمانچىلىقىدىن كېيىن ئۇيغۇرلارنى «خەتەرلىك» كىشىلەر سۈپىتىدە تەكشۈرۈشنى كۈچەيتكەنلىكىدىن باشلانغان، ئەمما ئۇ 2013 ~ 2014 ـ يىللىرى ئۇيغۇرلار سادىر قىلغان بىر قانچە زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرى سەۋەبلىك تېخىمۇ ئەۋجىگە چىققان.

6 ـ باب 2013 ـ يىلدىن 2016 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋەقەلەرنىڭ 2017 ـ يىلى رەسمىي باشلانغان كۇلتۇرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىققا قانداق ئاساس سالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ بابتا مەزكۇر ھەرىكەتنىڭ سالمىقى ۋە تاجاۋۇزچىلىق خاراكتېرى تەپسىلىي بايان قىلىنىپ، ئۇنىڭ بىز بىلگەندەك سىستېمىلىق، زوراۋان ۋە ئەڭ ئاخىرىدا ئۇيغۇر كىملىكىنى يوقىتىشنى مەقسەت قىلىنغانلىقى كۆرسىتىلگەن. بولۇپمۇ بۇ باب كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش سىستېمىسى، ھەممە يەرنى قاپلىغان كۆزىتىش تورى، ئۇيغۇر دىيارىنىڭ مەنزىرىسىنى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇشى ۋە كۇلتۇرىنى ئۆزگەرتىش ئۇرۇنۇشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، مەزكۇر ھەرىكەتنى ئىلگىرى سۈرگەن بىر قاتار سىياسەتلەرگە مەركەزلەشكەن.

خۇلاسە بابىدا «نۆۋەتتىكى كىرىزىس قانداق ئاخىرلىشىدۇ؟ ئۇ <تېرورلۇققا قارشى يەر شارىۋى ئۇرۇش>نىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىغا قانداق تەسىرلەرنى كۆرسىتىشى مۇمكىن؟ ئۇيغۇر ۋەتىنىدە داۋاملىشىۋاتقان كۇلتۇرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ھازىرقى جەريانىنى توسۇش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلىش مۇمكىن؟» دېگەن ئۈچ مۇھىم سوئالغا جاۋاب تېپىش ئارقىلىق، نۆۋەتتە ئۇيغۇر دىيارىدا يۈز بېرىۋاتقان كۇلتۇرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ كەلگۈسى نەتىجىسى مۇھاكىمە قىلىنغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان كۇلتۇرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ بىزگە 21 ـ ئەسىردە دۇنيانىڭ قايسى يۆنىلىشكە قاراپ كېتىۋاتقانلىقى توغرىسىدا قانداق شۇم بېشارەتلەرنى بېرىۋاتقانلىقىغا ئالاقىدار ئاخىرقى سۆزلەر كېلىدۇ.

# بىرىنچى باب: مۇستەملىكىچىلىك (1759 ـ 2001)

تېررورغا قارشى خەلقئارالىق ئۇرۇش (GWOT) ئارقا كۆرۈنۈشى ئىچىدە «تېررورىست» دەپ قالپاق كەيدۈرۈلۈشىنىڭ ئىنتايىن ئېچىنىشلىق سەۋەبلىرىدىن بىرى — بۇ ئۇرۇشنىڭ (ساھىبى) دۈشمىنىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا قانۇنغا ئۇيغۇن نارازىلىقىنىڭ كەمچىلىلىكىنىڭ ئەكسىچە، ئىسلامنىڭ ئاشقۇن ۋە رادىكال ئىدىئولوگىيە ئاساسىدا شەرھلىنىشىنى كۈچ مەنبەسىنى قىلغان دەپ تەسۋىرلىشىدۇر. ئۇيغۇرلارغا كەلسەك، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇنداق سۈپەتلىنىشى ئۇلارنىڭ يېڭىدىن شەكىللەنگەن خىتاي دۆلەتلىرىگە بولغان تارىختىن بۇيانقى نارازىلىقىنى باشقا تەرەپكە بۇرمىلىۋېتىدۇ. مانا مۇشۇ تارىخىي نارازىلىقلار ئىسلامىي ئاشقۇنلۇق ياكى تېررورىزم تەبىرلىرىگە قارىغاندا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى زىددىيەتنى چۈشىنىشتە تېخىمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ ۋەجىدىن، ئۇيغۇرلار بىلەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلىك مۇناسىۋەتنىڭ ئارقىسىدىكى بۇ تارىخىي نارازىلىقلارنى يورىتىپ بېرىش ئۈچۈن — بۇ خىل مۇناسىۋەتلەر دائىملا (خىتاي تەرىپىدىن) «تېررورىزم»غا باغلىنىپ مۇرەككەپلەشتۈرۈۋېتىلىپ كەلدى — بۇ بابتا بۇ خىل مۇناسىۋەت تارىخى نۇقتىدىن قىسقىچە تونۇشتۇرۇلىدۇ. تونۇشتۇرۇشىمىز چىڭ سۇلالىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستانى 18 ـ ئەسىردىن باشلاپ بويسۇندۇرغانلىقىدىن باشلىنىپ، 2001 ـ يىلى ھارپىسىدىكى تېررورغا قارشى خەلقئارالىق ئۇرۇش پەيتىگىچە داۋام قىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق بۇ خىل مۇناسىۋەتنىڭ دائىما ۋە ئىزچىل شەكىلدىكى مۇستەملىكىچىلىك خاراكتېرگە ئىگە ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىدۇ.

ئاكادېمىك ساھەدە يېڭى جۇڭگو بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى مۇستەملىكىچىلىك نۇقتىسىدىن تەسۋىرلەشتە ئىختىلاپ مەۋجۇت. جېيمس مىلۋارد (James Millward) چىڭ سۇلالىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ھاكىمىيىتىنى تەتقىق قىلغان ئەڭ مەشھۇر تارىخشۇناسلاردىن بىرى بولۇپ، ئۇ شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىكى مۇستەملىكىچىلىك ھادىسىسىنى ياۋروپانىڭ ئاشۇ چاغدىكى دۇنيا مىقياسىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئەندىزىسىدىن ئايرىشنىڭ تولىمۇ قىيىنلىقىنى، شۇنداقلا خىتايلارنىڭ ياۋروپا بىرىنى مۇستەملىكىچىلىك شەكلىدە كونترول قىلماقچى بولغان دەپ قارايدىغانلىقىنى شىپى كەلتۈرۈپ، تېخى يېقىنقى مەزگىللەرگىچە «مۇستەملىكە» ئاتالغۇسىنى ئىشلىتىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ كەلگەن.(2) گومىنداڭنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىدارە قىلىشىنى تەتقىق قىلغان جاستىن جاكوبسمۇ (Justin Jacobs)

ئوخشاشلا  خىتاي بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى مۇھاكىمە قىلغاندا مۇستەملىكىچىلىك ئاتالغۇسىنى ئىشلىتىشنىڭ بۇ ئاتالغۇ خاتىرلىتىدىغان سىياسى بىرلەشمىلەر تەرىپىدىن مەسىلە پەيدا قىلىنىپ كەلدى.(2) شۇنداقتىمۇ، مىلۋارد ۋە جاكوبس ھەر ئىككىسى يېڭى جۇڭگونىڭ بۇ رايوننى كونترول قىلىشى — مەيلى ئۇ مۇستەملىكىچىلىك دېيىلسۇن، دېيىلمىسۇن — چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ بويسۇندۇرۇشى ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىدىن قالغان مىراس دەپ قارايدۇ.

خەلقئارادا يېڭىدىن يېتىشىپ چىققان، ئۇيغۇرلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ۋەتىنىنى تەتقىق قىلىدىغان ئالىملارنىڭ بەزىلىرى يېڭى جۇڭگونىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋە ئۇيغۇرلار ئۈستىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەملىكىچىلىك دەپ تەسۋىرلەشتىن تارتىنىپ ئولتۇرمايدۇ.(3) مۇشۇ ئېقىمدىكى ئالىملارنىڭ بەزىلىرى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى ۋە ئۇلارنىڭ زېمىنىنى كونترول قىلىشىنى ياۋروپانىڭ مۇستەملىكىچى ھۆكۈمرانلىقىغا ئوخشاش كلاسسىك مەنىدىكى مۇستەملىكىچىلىك بولماسلىقى مۇمكىن، ياكى ياۋروپا مۇستەملىكىچى ھۆكۈمرانلىقى ئەندىزىسىنىڭ دەل ئۆزى ئەمەس دەپ قارايدۇ. ئۇلار يەنە ياۋروپانىڭ مۇستەملىكىچىلىك ھەرىكىتى بىلەن خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ۋەتىنىنى كونترول قىلىشى ئارىسىدىكى ئوخشاشلىقتا سەل قارىماسلىق كېرەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ. بۇ ھال يەنە چىڭ سۇلالىسى تەسۋىرلەنگەن يېڭى زاماندىكى ئەدەبىي ئەسەرلەردىمۇ ئوچۇق گەۋدىلىنىدۇ.(4)

دىبيېش ئاناند (Dibyesh Anand) يېقىنقى ماقالىسىدە بۇ قاراشنى تېخىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ھازىرقى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى باشقۇرۇشتا «مۇستەملىكىلەشتۈرگۈچى مىللىي دۆلەت»كە ئايلانغانلىقىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدى (5). ئاناندقا كۆرە، خىتاينىڭ تىبەتلەر ۋە ئۇيغۇرلارنى باشقۇرۇشى زېمىن ۋە خەلق ئۈستىدىكى مۇستەملىكىچى ھۆكۈمرانلىقنىڭ روشەن ئۆرنەكلىرىدۇر. ئۇ يەنە ئىلمىي يېزىقچىلىقتا بۇ پاكىتنى يېپىشنىڭ پەقەت بۇ خىل ھۆكۈمرانلىق شەكلىنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا سەۋەب بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى (6). بۇنىڭدىن سىرت، ئاناندقا كۆرە، مۇستەملىكىچىلىك يەنە ھازىرقى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ۋەتىنى بىلەن بولغان ئىلگىرىكى مۇناسىۋىتىنىڭ بىر قىسمى بولۇپلا قالماستىن، داۋاملىشىۋاتقان ۋە نۆۋەتتە نورغۇن جەھەتلەردە تېخىمۇ كۈچىيىۋاتقان ھۆكۈمرانلىق جەريانىدۇر.

بۇ باپتا ئاناندنىڭ «ھازىرقى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ۋەتىنى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئەزەلدىن ئەڭ تىپىك مۇستەملىكىچىلىك مۇناسىۋىتىدۇر، شۇنداقلا بۇ مۇناسىۋەت ھېلىھەم داۋاملاشماقتا» دېگەن نۇقتىئىنەزىرى قوللىنىلدى. بۇ مۇناسىۋەتنى مۇستەملىكىچى مۇناسىۋەت دەپ سۈپەتلەش، پارسا چاتتېرجى (Partha Chatterjee) ئوتتۇرىغا قويغان «مۇستەملىكىۋى پەرق پرىنسىپى» ۋە ئاناند ئوتتۇرىغا قويغان «ئاتالارچە تىزگىنلەش» ئۇقۇمىدىكى مۇھىم نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ (7). باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، يېقىنقى زامان خىتاي دۆلەتلىرى ئۇيغۇرلار ۋە باشقا يەرلىك تۈرك خەلقىنىڭ ھۆكۈمران ئورۇندىكى

ختايلار بىلەن تۆپتىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى ۋە ختايلاردىن تۆۋەن تۇرىدىغانلىقىنى، شۇ سەۋەبتىن ختايلار بىلەن باراۋەر بولالمايدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ھەتتا ئۆزىگە قانداق كۆڭۈل بۆلۈشنىمۇ بىلمەيدىغانلىقىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدى. نەتىجىدە، يېقىنقى زامان ختاي دۆلەتلىرى ئۇيغۇرلارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ئۇرۇنۇشى جەريانىدا، مۇستەملىكىچى كۈچلەرنىڭ مۇستەملىكە قىلىنغانلارنى «مەدەنىيلەشتۈرۈش» ۋە ئۇلارنى ئۆزىگە ئېخشىمۇ ئوخشىتىشقا ئۇرۇنۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنى ھەرگىز ئۆزلىرى بىلەن باراۋەر دەپ ئېتىراپ قىلماسلىقىدىن ئىبارەت تىپىك تەڭقىسلىقتا قالدى. مەنچە، ئۇيغۇرلارغا تۇتۇلغان بۇ پوزىتسىيە يېقىن زامان ختاي دۆلەتلىرىنىڭ بۇ خەلقنى باشقۇرۇشىدىكى ئېنىقلىما خاراكتېرلىك ئالاھىدىلىكى بولۇپ كەلدى.

ئەگەر بۇ بابتا ھازىرقى ختاينىڭ ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ۋەتىنى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ماھىيەت جەھەتتە مۇستەملىكىچىلىك مۇناسىۋىتىدۇر دېيىلسە، ئۇنىڭدا يەنە بۇ ئالاھىدە مۇستەملىكىچىلىك مۇناسىۋىتىنىڭ بىر قانچە جەھەتتىن نىسبەتەن ئۆزگىچە ئىكەنلىكى ئېتىراپ قىلىنىدۇ.

بىرىنچىسى، شۇنداقلا ئەڭ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى، بۇ مۇستەملىكىچىلىكنىڭ 21 ـ ئەسىردە يەنىلا داۋاملىشىۋاتقانلىقىنىڭ مەسىلىسىدۇر. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۇستەملىكىۋى بويسۇندۇرۇش ئەھۋاللىرىنىڭ نۇرغۇنىدا، مۇستەملىكىچى كۈچلەر ئەڭ ئاخىرىدا ئۆز مۇستەملىكىسىگە بولغان كونتروللۇقتىن قىسمەن بولسىمۇ ۋاز كېچىش، مۇستەملىكە قىلىنغان خەلقنىڭ مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشىغا يول قويۇش ياكى ئۇلارغا ئېخشىمۇ كۆپ ھوقۇق بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ شۇ رايوننىڭ «يەرلىك خەلقى»لىك سالاھىيىتىنى ئېتىراپ قىلىش ئارقىلىق مۇستەملىكە خەلقى بىلەن مۇرەسسە قىلىشقان. ھازىرقى ختاينىڭ ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ۋەتىنى بىلەن بولغان مۇستەملىكە مۇناسىۋىتى مەسىلىسىدە بولسا، بۇ خىل مۇستەملىكىسىزلەشتۈرۈش جەريانىنىڭ ھېچقايسىسى يۈز بەرمىگەن. ھازىرقى ختاي دۆلىتى ئۆز تارىخىدا مۇستەملىكىسىزلەشتۈرۈش بىلەن نەتىجىلىنىشى مۇمكىن بولغان ماداراچىلىق جەريانىنى بىر قانچە قېتىم سىناق تەرىقىسىدە باشلاپ باققان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ۋەتىنىنىڭ يەرلىك خەلقى ئىكەنلىكىنى ھەم شۇ سەۋەبتىن بۇ يەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ياكى رايوندا ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇشقا لايىق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغىلى ئۇنىمىدى. ئاخىرقى ھېسابتا، يېقىنقى زامان ختاي دۆلەتلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ۋەتىنى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى مۇستەملىكىسىزلەشتۈرەلمىگەنلىكى ــــ ختاينىڭ ھەم ئۆزىنىڭ بۇ رايوننى ئىشغال قىلغانلىقى ۋە بېسىۋالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلماسلىقى، ھەم ئۇيغۇرلارنى ئۆز ۋەتىنى (شەرقىي تۈركىستان)نىڭ يەرلىك خەلقى دەپ ئېتىراپ قىلماسلىقىدىن ئىبارەت رېئاللىقتا ئىپادىلىنىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئۇيغۇر ۋەتىنى ئورۇن جەھەتتە ختاي بىلەن تۇتىشىدىغان مۇستەملىكىدۇر. بۇ خىل ئەھۋال ئادەتتە مۇستەملىكىچىنىڭ مەركىزىي شەھىرى بىلەن مۇئەييەن ئارىلىق ساقلانغان «چېگرا مۇستەملىكىسى» ۋە مۇستەملىكىچىنىڭ سىياسىي گەۋدىسىگە قوشۇۋېلىنغان ۋە مۇستەملىكىچى خەلق

يەرلەشتۈرۈلگەن «كۆچمەنلەر مۇستەملىكىسى»دىن ئىبارەت ئوخشىمىغان ئىككى خىل مۇستەملىكىچىلىك مۇناسىۋىتىدىن بىرىنى شەكىللەندۈرىدۇ. يېقىنقى زامان خىتاي تارىخىدا، ئۇيغۇر ۋەتىنىگە ئاساسەن «چېگرا مۇستەملىكىسى» سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىنىپ، يەرلىك خەلق نوپۇس جەھەتتە ـــ ھېچبولمىغاندا تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەركىزىي بەلبېغىدا ـــ ھۆكۈمران ئورۇننى ساقلاپ قالالىدى. شۇنداقلا، خىتاي دۆلىتى رايوننىڭ شىمالىدا، جۇملىدىن مەركىزىي شەھەر ئۈرۈمچىدە خىتايلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئورنىتىشقا تىرىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، رايوننى ئىدارە قىلىشقا ۋە بايلىق قېزىشقا بولغان كونتروللۇقىنى ساقلاپ قالدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، خىتاي پۈتۈن ئۇيغۇر رايونىنى ۋە ئۇنىڭ يەرلىك خەلقىنى ئېخمۇ چوڭ «سوتسىيالىستىك مىللىي دۆلەت»كە سىڭدۈرۈشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئەمما كوممۇنىستلار ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەسلەپكى 30 يىلدا ـــ بولۇپمۇ تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدا ـــ بۇ نىشان ئاساسەن ئىشقا ئاشمىدى.

1960 ـ يىلىغا كەلگەندە، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئاللىقاچان بۇ رايوننىڭ نوپۇس قۇرۇلمىسىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىپ بولغانىدى ۋە 1980 ـ يىلىغا بارغاندا، رايون سىرتىدىن كەڭ كۆلەمدە خىتاي كەلگۈندىلەرنى يۆتكەپ كېلىش ئارقىلىق رايوننىڭ نوپۇس قۇرۇلمىسى ئېخمۇ ماھىيەتلىك ئۆزگەرتىلگەن بولسىمۇ، شەرقىي تۈركىستانغا كەلگەن خىتايلارنىڭ كۆپىنچىسى رايوننىڭ شىمالىغا ياكى «شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇرۇلۇش قىسىملىرى»نىڭ ھەربىي مۇستەملىكە رايونلىرىغا يەرلەشكەنىدى. جەنۇبىي تارىم ئويمانلىقىنىڭ كۆپىنچە رايونلىرىدا ئۇيغۇرلار يەنىلا مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلەيتتى، شۇنداقلا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا خىتايلارنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى دۆلەت كۈلتۈرىگە سىڭىپ كېتىشنى ياكى خىتاي تىلىدا مائارىپ تەربىيەسى ئېلىشنى خالايدىغانلار تولىمۇ ئاز ئىدى. خىتاينىڭ بۇ رەۋىشتە شەرقىي تۈركىستاننى ۋە ئۇنىڭ خەلقىنى ئۆزىگە تولۇق قوشۇۋالالماسلىقى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئالدىنقى 30 يىلىدىكى سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي قالايمىقانچىلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بولسىمۇ، ئەمما خىتاينىڭ بۇ رايوننى «ئارىلىق رايون» ۋە چېگرا ـــ بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىتا ـــ دەپ قارىشىمۇ بۇ خىل قوشۇۋالالماسلىققا سەۋەب بولغان.

بۇ ئەھۋال 1980 ـ يىللاردا رايوننىڭ بايلىق قېزىشتىن ھالقىغان ئىقتىسادىي يوشۇرۇن كۈچى تۈنجى قېتىم تونۇپ يېتىلگەن ئىسلاھات مەزگىلىدە ئۆزگىرىشكە باشلىغان. خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش تارىخى ئاساسەن خىتاينىڭ بۇ رايون ۋە ئۇنىڭ خەلقىنى ئۆزگەرتىۋاتقان كوممۇنىست خىتاي دۆلىتىنىڭ ئېخمۇ چوڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي سىستېمىسىغا تولۇق سىڭدۈرۈش ئۇرۇنۇشى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. 1980 ـ يىللاردىكى قىسمەن مۇستەملىكىسىزلەشتۈرۈش ئارقىلىق بىر گەۋدىلەشتۈرۈشكە يول ئېچىشى مۇمكىن بولغان دەسلەپكى مادارا چىلىق مەزگىلىدىن كېيىنكى ئون يىلدا،

خىتاينىڭ بۇ رايوننى بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىگە مەجبۇرىي بىرلەشتۈرۈش ۋە ئۇنىڭ خەلقىنى مەجبۇرىي ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ئۇرۇنۇشى بارغانسېرى كۈچەيگەن بولۇپ، بۇ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاننى «چېگرا مۇستەملىكىسى» دەپ قاراشتىن «كۆچمەنلەر مۇستەملىكىسى» دەپ قاراشقا ئۆزگەرگەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر. بۇ ئۇرۇنۇشلارنىڭ كۆپىنچىسى مۇقەررەر ھالدا تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي بوستانلىقىدىكى، ئىلگىرى ئاساسەن خىتاي كۆلتۈرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان مەركىزىي ئۇيغۇر بەلباغلىرىغا مەركەزلەشكەن.

كۆچمەنلەر مۇستەملىكىچىلىكى تەتقىقاتىدىكى باشلامچىلارنىڭ بىرى بولغان لورېنزو ۋېراچىنىنىڭ (Lorenzo Veracini) كۆرسىتىشىچە، ئادەتتە باشقا مۇستەملىكىچىلىك شەكىللىرىدە، خۇددى ۋىرۇس جانلىق ھۈجەيرىلەرگە تايىنىپ ياشىغاندەك، مۇستەملىكىچى مۇستەملىكە خەلقىنى ۋە ئۇلارنىڭ زېمىنىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدۇ. ئەمما، كۆچمەنلەر مۇستەملىكىچىلىكىدە بولسا، خۇددى باكتېرىيە جانلىق ئورگانىزملارغا موھتاج بولماستىن تۇپراقتا ياشىيالىغاندەك، مۇستەملىكىچى (مۇستەملىكە خەلقىگە ئەمەس) پەقەت زېمىنغىلا موھتاج بولىدۇ (8). شۇڭا، ۋېراچىنى شۇلارنى ئوتتۇرىغا قويغان: كۆچمەن مۇستەملىكىچىلەر يەرلىك خەلقنىڭ نوپۇسى ئاز بولغان مۇستەملىكىگە، شۇنداقلا ئۆزلىرى دۇچ كەلگەن يەرلىك خەلقنى يۆتكەش ياكى يوقىتىشقا مايىلدۇر (9). ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ ـــ بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى بوستانلىقلاردا ـــ زىچلىقىنى نەزەردە تۇتقاندا، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۇيغۇر رايونىدا تېخىمۇ شىددەتلىك كۆچمەنلەر مۇستەملىكىچىلىكىنى يۈرگۈزۈش قارارىنى ئىجرا قىلىشى ئاسانغا توختىمىدى، بەلكىم بۇ مەزكۇر جەرياننىڭ ھەم ئاستا، ھەم زىددىيەتكە تولغان بولۇشىدىكى سەۋەبنى يوشۇرۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.

نۇرغۇن جەھەتلەردە، ھازىرقى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ۋەتىنى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى مۇستەملىكىچىلىك دەپ قاراش ـ قارىماسلىق توغرىسىدىكى ئىلمىي مۇنازىرىلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بۇ مۇناسىۋەتكە شۇنداق قارايدىغان ـ قارىمايدىغانلىقى بىلەن ئانچە باغلىنىشى يوق. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ـــ بولۇپمۇ 20 ـ ئەسىردىكى ـــ تەرەققىياتى، ئۇلارنىڭ يېقىنقى زامان خىتاي دۆلىتى ئىچىدىكى مۇستەملىكىلىك ئورنىنىڭ ئېتىراپ قىلىنىشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. نەتىجىدە، ئۇيغۇر مىللەتچىلىك تارىخشۇناسلىقىدا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ خىتاي ھاكىمىيىتىگە بولغان قارشىلىقى مۇقەررەر ھالدا مۇستەملىكىچىلىككە قارشى مىللىي ئازادلىق كۈرىشىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن.

«شىنجاڭ» ۋە شەرقىي تۈركىستان دېگەن ناملار بىلەن تونۇلغان ئۇشبۇ تېررىتورىيەدىكى يېقىنقى زامان خىتاي دۆلەتلىرى بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى بۇ توقۇنۇشنى ھەر ئىككى تەرەپ ھەمىشە خىتاي بىلەن ئۇيغۇردىن بىرىلا (شەرقىي تۈركىستاننىڭ) ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئىگە بولالايدىغان تىركىشىش دەپ قارىغان، ئەمما بۇ مەزكۇر توقۇنۇشنىڭ بىردىنبىر ئېھتىمالىي نەتىجىسى ئەمەس. مۇستەملىكىدىن كېيىنكى نۇرغۇن

دۆلەتلەردىكىگە ئوخشاش، شۇنداق بىر ئەھۋالنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىنكى، ئەگەر خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ۋەتىنى (شەرقىي تۈركىستان)نىڭ يەرلىك خەلقى ئىكەنلىكىنى، بۇ تېررىتورىيەدە ئالاھىدە ھوقۇقى ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلسا، بۇ ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ۋەتىنىنىڭ نىسبەتەن تىنچ ھالدا خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سىياسىي گەۋدىسىگە ۋە جەمئىيىتىگە سىڭىشىگە تۈرتكە بولالىشى مۇمكىن ئىدى. بۇ بابتا يېقىنقى زامان خىتاي دۆلەتلىرى ئۇيغۇرلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ۋەتىنىنى ئىدارە قىلىشتا مۇشۇنداق مادارا۔چىلىق سىياستىنى يۈرگۈزۈشكە تەمشەلگەندەك كۆرۈنىدىغان بىر قانچە پەيت كۆرىستىلگەن. ئەمما ھەر قېتىمدا، بۇ تىرىشچانلىقلار قىسقا بىر مەزگىل داۋاملاشقاندىن كېيىن، مۇستەملىكىۋى پەرقىنىڭ «ئاتالارچە تىزگىنلەش» پىرىنسىپىنى تېخمۇ بەك گەۋدىلەندۈرەلەيدىغان سىياسەتلەرگە مايىل بولۇش سەۋەبلىك ۋاز كېچىلدى. بەختكە قارشى، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر خەلقىنى باشقۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ ئاشقۇن ماھىيىتى ئاخىرى ئۇيغۇرلار بىلەن ھازىرقى خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى مۇستەملىكىسىزلەشتۈرىدىغان بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللىنىش مۇمكىنچىلىكىنى يوققا چىقارغان بولۇشى مۇمكىن.

## چىڭ سۇلالىسىنى شەرقىي تۈركىستاننى بويسۇندۇرۇشى ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشى: ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ زېمىنى قانداق رەۋىشتە يېڭى جۇڭگونىڭ بىر پارچىسى بولدى

خىتاي گەرچە ئۇيغۇر يۇرتىنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپلا خىتاينىڭ ئايرىلماس قىسمى ئىكەنلىكىنى ئۇزۇن دەۋرلەردىن بۇيان پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن شەرھلەپ كەلگەن بولسىمۇ، بۇ سىپى ئۆزىدىن ساختىپەزلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس.(10) ئەمەلىيەتتە، كۆنمىزدە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» دەپ ئاتىلىۋاتقان بۇ رايون ئۇزاق ئەسىرلەر مابەينىدە خىتايدىكى خاندانلىقلار بىلەن ئۆز-ئارا ئۆز-ئارا مۇناسىۋەت ئورناتقان بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۆپلىگەن ئىمپېرىيىلەر بىلەنمۇ بىلەن ئوخشاشلا يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغان ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. شۇنداقلا، مەزكۇر رايون ھەر قايسى دەۋرلەردە ئۆز تېپىدىكى ئىمپېرىيىلەرنىڭ مەركىزى سۈپىتىدە خىزمەت قىلغان. تارىخنى توغرا رەۋىشتە تەكشۈرگەندە شۇ نەرسە ئايدىڭ بولىدۇكى، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» دەپ ئاتىلىۋاتقان بۇ زېمىن پەقەتلا 1750-يىللىرىدا چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغاندىن كېيىنلا، ئاندىن بۈگۈنكىدىنمۇ چوڭ تېررىتورىيىگە ئىگە خىتاينىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالغان. شۇنداقلا، چىڭ سۇلالىسى 19-ئەسىرنىڭ

ئاخىرلىرىدا بۇ رايوننى ئۆزىنىڭ بىر ئۆلكىسى دەپ ئېلان قىلغاندىن باشلاپ، بۇ رايون ھازىرقىدىنمۇ چوڭ بولغان خىتاي تېررىتورىيىسىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ قالغان.

مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، چىڭ سۇلالىسى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنىنى بويسۇندۇرغان تۇنجى ئىمپېرىيە بولۇپ قالغان. نۇرغۇن ئىمپېرىيىلەر ئۆزى ئىگىلىۋالغان رايونلارنى ئۆز زېمىنىمىز دەپ داۋا قىلغىنىغا ئوخشاش، خىتايمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنىنى ئۆز زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر پارچىسى دەپ تورۇۋالدى. خىتاي بارا-بارا زامانىۋى دۆلەتچىلىك تۈزۈلمىسىدىن پايدىلىنىپ، ئاقىۋەتتە ئۇنى خىتاي مىللىي دۆلىتىنىڭ ئاساسى قىلىپ چىقتى. ھالبۇكى، چىڭ سۇلالىسى دەسلەپتە ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنىنى بۇ رايوننى ئۆزىدىن ئىلگىرى بويسۇندۇرغان جۇڭغارلاردىن قىسمەن پەرقلىق، ئومۇمىي جەھەتتىن جۇڭغارلارغا ئوخشاش ھالەتتە كونترول قىلغان. چىڭ سۇلالىسى شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمالى قىسمىدا ئۆزىنىڭ ئىمپېرىيە قاراۋۇلخانىسىنى قۇردى. ئۇ شەرقىي تۈركىستاندىكى قوماندانلىق ئورنىنى بۇ رايوننى ئۆزىدىن ئىلگىرى باشقۇرغان، بۈگۈنكىچە جۇڭغارىيە دەپ ئاتالغان ئىمپېرىيەنىڭ مەركىزى بولغان شىمالىي رايوندا قۇردى.(11) بۇنىڭدىن سىرت، چىڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنىنىڭ جەنۇبىدىكى تارىم ئويمانلىقى دەپ ئاتالغان شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى بوستانلىقلارنى بويسۇندۇرغاندا، جۇڭغارلارنىڭ قىلغىنىدەك، بۇ رايوننى دەسلەپتە مۇشۇ رايوننىڭ سەرخىللىرىنىڭ قولى ئارقىلىق ئىدارە قىلدى.(12)

## چىڭ سۇلالىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلىشى ۋە ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ھاكىمىيىتى — ئۆتمۈشنىڭ داۋامى

چىڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنىنى ئىشغال قىلىش بىلەن بۇ رايوننىڭ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ھۆكۈمرانلىرى بولمىش جۇڭغارلارنى تامامەن كۆزدىن يوقاتتى. شۇنداقلا، بۇ رايوننىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان تارىم ئويمانلىقىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئۇزۇنغا سوزۇلغان ھەربىي ھەرىكەت يۈرگۈزدى. 1759-يىلى، چىڭ سۇلالىسى پۈتكۈل شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھۆكۈمرانى سۈپىتىدە جۇڭغارلارنىڭ ئورنىنى ئالدى. شۇنداقلا، كۆپ جەھەتلەردە جۇڭغارلارنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش شەكلىنى قوللاندى. چىڭ سۇلالىسى ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى بازىسىنى بۈگۈنكى غۇلجا شەھرىگە يېقىن بولغان، جۇڭغارلارمۇ مەركەز قىلىپ قوللانغان (كۆرە دېگەن جاي)غا قۇردى. چىڭ سۇلالىسى جۇڭغارلارنىڭ قىلغىنىغا ئوخشاش، تارىم ئويمانلىقىدىن كۆپ ساندىكى مۇسۇلمان خەلقنى ئۆزى بازا قىلغان شەھەرنى

قۇرۇش ۋە خىزمىتىنى قىلىش ئۈچۈن كۆچۈرۈپ ئېلىپ كەلدى.(13) شۇنىڭدەك، چىڭ سۇلالىسىنىڭ بۆگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپچىلىك ئەجدادى ياشىغان تارىم ئويمانلىقىنى باشقۇرۇش مەسىلىسىگە كەلسەك، جۇڭغارلارغا ئوخشاش ھالدا مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى كۈندىلىك مۇھىم ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان يەرلىك باشچىلار ھېسابلانغان بەگلىك سىستېمىسى بويىچە شەرقىي تۈركىستاننى ئىدارە قىلغان.

چىڭ سۇلالىسى تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى بىرىنچى ئەسىردىكى ھۆكۈمرانلىقى ئۆز دەۋرىدىكى ياۋروپالىق مۇستەملىكىچى كۈچلەرگە ئوخشاش ئۆزى قول قىلغان خەلق ھەققىدە ھۆججەت قالدۇرۇش مايىللىقىغا ئىگە ھوقۇق سىستېمىسىدىن مەنپەئەت ئالاتتى. بىراق، ھەققىي مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ فىزىكىلىق جەھەتتىن مۇستەملىكە قىلىنىشى دەپ قارىمايمىز. چىڭ سۇلالىسى پەقەت شەرقىي تۈركىستانغا قۇرغان ھۆكۈمەت مەھكىمىلىرىنىلا ھەقىقىي رەۋىشتە تۇتۇپ تۇرالىغان بولۇپ، ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ئەۋەتكەن نوپۇسى پەقەت مانجۇلار ۋە مۇڭغۇللاردىن تەشكىل تاپقان ئەسكەرلەر ۋە ئەمەلدارلاردىنلا ئىبارەت بولغان. تاجاۋۇزچى چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئادەملىرى ئاز سانلىقنى تەشكىل قىلغان. مۇشۇ سەۋەبلىك، تارىخچى ريان تۇم (Rian Thum) شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەھۋالىنى چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى دەپ ئەمەس، «مانجۇلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئارمىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى بېقىندى دۆلەت» دەپ قارىغان.

چىڭ بۇ رايوندىكى قاراۋۇلخانىلارنى پەقەت كۆپىنچىسى مانجۇ ۋە موڭغۇللار رەھبەرلىكىدىكى ھەربىي خادىملار ۋە باشقۇرغۇچىلارنى ئولتۇراقلاشتۇرۇش ئارقىلىق ساقلاپ كەلگەن بولۇپ، رايوندىكى بويسۇندۇرغۇچى كۈچ ۋەكىللىرىنىڭ سانى يەنىلا ئاز بولغان. بۇ سەۋەبتىن، تارىخشۇناس ريان تۇم (Rian Thum) ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنىنىڭ بۇ ۋاقىتتىكى ئورنىنى ئىمپېرىيەنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئەمەس، بەلكى «مانجۇ ھەربىي كۈچلەر باشقۇرىشىدىكى بېقىندىلىق» دەپ ئاتىغان.(14)

چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئورنىنىڭ بۇ خىلدىكى مۇجمەللىكى 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تېخىمۇ روشەن ئىپادىلەندى. چىڭ ئوردىسى بۇ رايوننى كونترول قىلىشقا كېتىدىغان ئىقتىسادىي بېسىمغا قارىتا 1820 ـ يىللاردا چىڭ سۇلالىسى تارىم ئويمانلىقىنى كونترول قىلىشقا داۋاملىق مەبلەغ سېلىش كېرەكمۇ ـ يوق، دېگەن مەزمۇندا تالاش تارتىشتا بولدى.(15) نەتىجىدە، 1860 ـ يىللاردا ئالدى بىلەن گەنسۇدا، كېيىن تارىم ئويمانلىقى ۋە جۇڭغارىيەدە بىر قاتار چوڭ ئىسيانلار قوزغالغان، چىڭ سۇلالىسى بۇ رايوننىڭ كونتروللۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئورۇنسىز ئېنېرگىيە سەرپ قىلىشنى خالىماي، ئاقىۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندىن تەلتۆكۈس چېكىنىپ چىقىپ كەتتى.

كۆپۈنچە ئۇيغۇر مىللەتچىلىرى بۇ قوزغىلاڭلارنى ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئازادلىق كۈرىشى تارىخىنىڭ بىر قىسمى دەپ قارىسىمۇ، ئەمما توپىلاڭچىلاردىكى كۆپ مىللەت ئالاھىدىلىكىنى نەزەردە تۇتقاندا، بۇ خىل چۈشەندۈرۈشنى توغرا دەپ قارا تەسكە توختايدۇ. يەنە كېلىپ، ئۇ دەۋرلەردە بۇ يەردە قۇرۇلغان ئەڭ چوڭ

دۆلەتكە ئۆزبېكىستاننىڭ فەرغانە ۋادىسىدىن كەلگەن، تارىم ئويمانلىقى بىلەن ھەقىقىي مۇناسىۋىتى بولمىغان ياقۇب بەگ رەھبەرلىك قىلغان.(16)

چىڭ سۇلالىسى شەرقىي تۈركىستاندىن چېكىنگەندىن كېيىن، ياقۇپ بەگ بۇ رايوننىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدا بىرلىككە كەلگەن دۆلەت بەرپا قىلماقچى بولدى. ئەمما شىمالدا ئىلى سۇلتانلىقى دەپ ئاتالغان ئايرىم مۇستەقىل دۆلەت بار بولۇپ، ئۇلار ئومۇمەن ئىلگىرىكى چىڭ سۇلالىسى ھەربىي بازا قىلغان رايونلارنى كونترول قىلىپ تۇرغان ئىدى. چارروسىيە ئۆزىنىڭ رايوندىكى كۈچىنىڭ يىمىرىلىپ، ئەنگلىيەنىڭ ئۆز دۆلىتىنى قوللىشىنى تەلەپ قىلىۋاتقان ياقۇپ بەگنىڭ كۈچىيىۋاتقانلىقىدىن ئەندىشىلىنەتتى. شۇ ۋەجىدىن، چارروسىيە ئىمپېرىيىسى ئىلى سۇلتانلىقىنى بويسۇندۇرۇپ، سۇلتانلىقتا تەۋە ئىلى ۋادىسىدىكى تېررىتورىيىنى ئىشغال قىلىۋالدى. رۇسلار بۇ رايونغا ئاران ئون يىل ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، چىڭ قايتىپ كەلگەنگە قەدەر ئۆزلىرىنىڭ بۇ رايوننىڭ كونتروللۇقىنى ساقلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى جار سالغان بولسىمۇ، رۇسلارنىڭ قىلمىشى ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى چىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارىغاندا مۇستەملىكىچىلىككە تېخىمۇ ئوخشايدىغان بولۇپ، رۇسلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ يەردە مەڭگۈلۈك تۇرالمىغان تەقدىردىمۇ، ئۆز تەسىرىنى قالدۇرۇپ قويۇشقا كۈچىگەن.

چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ بۇ ۋاقىتتىكى ئاجىزلىقىنى كۆزدە تۇتقان چىڭ ئىمپېرىيىسى شەرقىي تۈركىستانغا قايتا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىش، كىرمەسلىك توغرىسىدا ئۆز ئىچىدە كەسكىن بەس-مۇنازىرە ئېلىپ باردى. (17) ئاخىرىدا، شەرقىي تۈركىستاننى قايتا ئىشغال قىلىش پىكرىدىكىلەر غەلىبە قىلىپ، 1876-يىلى بۇ رايوننىڭ شىمالىغا ھەربىي ھەرىكەت باشلىدى. 1880-يىلغا كەلگەندە، چىڭ ئىلى ۋادىسىدىكى چارروسىيە كونتروللۇقىدىكى بىر قىسىم جايلاردىن باشقا رايونلارنى قايتىدىن ئىگىلىۋالدى. 1881-يىلغا كەلگەندە، سانت پېتربۇرگ شەرتنامىسى بويىچە، چارروسىيە ئۆزى ئىگىلىۋالغان زېمىننىڭ كۆپ قىسمىنى چىڭغا قايتۇرۇپ بەردى.(18)

قانداقلا بولمىسۇن، روسىيە غۇلجا رايونىنى ئون يىل ئىشغال قىلىش ئارقىلىق ئۇيغۇر ۋەتىنىگە ۋە ئۇنىڭ نوپۇسىغا ئۇزۇن مۇددەتلىك ئاسارەتلەرنى قالدۇردى. بۇ شىمالىي رايوندىكى يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، چىڭ ئىمپېرىيىسىگە قايتۇرۇلۇپ بېرىلگەن ئىلى جىلغىسىنىڭ چارروسىيە كونتروللۇقىدىكى چېگراغا يېقىن جايلاردا ئولتۇراقلاشقان. بۇ جايلار ھازىرقى قازاقىستاننىڭ بىر قىسمىدۇر.(19) بۇ خىتاي كونتروللۇقىدىكى تېررىتورىيە چېگراسىدا زامانىۋى دەۋردە تەسىر كۈچىگە ئىگە ماھىيەتلىك ئۇيغۇر نوپۇسىنى بارلىققا كەلتۈردى.

## چىڭ سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى مەزگىلدىكى مۇستەملىكىچىلىكى ۋە «شىنجاڭ»نىڭ بارلىققا كېلىشى

چىڭ ئىمپېرىيىسى 1881 ـ يىلى پۈتكۈل شەرقىي تۈركىستان رايونىنى رەسمىي قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستاننى ئىمپېرىيىنىڭ ھەممە تېررىتورىيىسى بىلەن بىر قاتاردا باشقۇرۇش ئۈچۈن چىڭ ئوردىسى ئەمەلدارلىرى بۇ رايوننىڭ باشقۇرۇشنى تېزدىن ئىسلاھ قىلدى. 1884 ـ يىلى شەرقىي تۈركىستانغا رەسمىي ھالدا «شىنجاڭ» (يېڭى چېگرا) دېگەن ئۆلكە نامىنى بەردى.(20) بۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۆزى ئۆزگىرىۋاتقان بىر پەيتتە يۈز بەردى. بۇ دەۋرلەردە چىڭ سۇلالىسى بىر تەرەپتىن زامانىۋى دۆلەتچىلىكنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى قوبۇل قىلىۋاتاتتى، يەنە بىر تەرەپتىن چىڭ ئوردىسىدا خىتاي مىللىتىدىن بولغان ئەمەلدارلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەۋاتاتتى. شۇ ۋەجىدىن، چىڭ سۇلالىسى يېڭى شىنجاڭ ئۆلكىسىنى ۋە خەلقىنى ئۆز ھاكىمىيىتى ئاستىدا تۇتۇشنى ئارزۇلايدىغان خىتايلارنى ئاساس قىلغان، يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان مىللىي دۆلەتنىڭ ئاساسىنى قۇرماقتا ئىدى. مۇشۇ جەرياننىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە، شەرقىي تۈركىستاندا بىر قانچە جايدىن باشقا يەردە بەگلەر ئارقىلىق باشقۇرۇش سىستېمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. بەگلەر ئارقىلىق باشقۇرۇش سېستىمىسىنىڭ ئورنىنى خىتاي ئەمەلدارلىرى ئارقىلىق باشقۇرۇش سېستىمىسى ئالدى. يەرلىك خەلق، يەرلىك مۇسۇلمان ئاھالىلەر بىلەن كۆۋرۈك بەرپا قىلىش ئۈچۈن، سابىق بەگلەرنىڭ ئەۋلادلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرىكى ئىمتىيازلىرىدىن كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە چۈشۈرۈلۈپ، خىزمەتچى سۈپىتىدە يالالاپ ئىشلىتىلدى.(21)

چىڭ شۇ يەردىكى يەرلىك مۇسۇلمان خەلقنى مۇشۇ شەكىلدە ھاكىمىيەتتىن چەتلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە، يەرلىك خەلقنى، ئەڭ كەمدە ئۇلارنىڭ سەرخىللىرىنى ئاسسىملاتسىيە قىلىشنى مەقسەت قىلغان سىياسەتلەرنى يولغا قويدى. بۇ سىياسەتلەرنىڭ ئەڭ ھالقىلىق تەرىپى مانجۇلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمەت تىلى بولغان خىتاي تىلىدا مائارىپ تورى قۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالدۇ. قايتا تاجاۋۇزچىلىقنىڭ باش پىلانلىغۇچىسى زو زوڭتاڭ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر بىز ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئۆرپ ـ ئادىتىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇلارنى ئۆزىمىزنىڭ خىتايچە يولىمىزدا ئاسسىملاتسىيە قىلماقچى بولساق، چوقۇم ھەقسىز مەكتەپلەرنى قۇرۇپ، مۇسۇلمان باللارغا (خىتايچە) كىتابلارنى ئوقۇشىمىز، خىتايچە خەتنى تونۇتۇشىمىز ۋە خىتايچە گەپنى چۈشىنەلەيدىغان قىلىشىمىز كېرەك.»(22)

مەكتەپلەر ئوقۇش ۋە يېزىشتىن باشقا، كۇڭزى ئىدىيىسىنى ئىمپېرىيەنىڭ ئەمەلىيەتتىكى ئىدېئولوگىيىسى سۈپىتىدە تەشۋىق قىلدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، خىتاينىڭ باشقا يېرىدىكىگە ئوخشاشلا، ئاتالمىش شىنجاڭدا غەربنىڭ ئىلىم ـ پەن چۈشەنچىسىنى ئاساس قىلغان زامانىۋىلاشقان ئوقۇتۇش تۈزۈمىنىڭ ئورنىنى كۇڭزىچىلىقنى ئاساس قىلغان مائارىپ سىستېمىسى ئالدى. لېكىن، يەرلىك خەلقنى ئۆزگەرتىشتە ياكى مۆپلەپ مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىنى جەلب قىلىشتا مەيلى كۇڭزىچىلىق سىتمىسى، مەيلى يېڭىچە زامانىۋى مائارىپ سىستېمىسى مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى.(23)

شۇنداق قىلىپ، چىڭ سۇلالىسى مانجۇلۇقتىن بەكراق خىتايلاشقان ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش شەكلى تېخىمۇ بەك مۇستەملىكىچىلىك شەكلىدە ئىپادىلەندى. چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ مەركىزىدىن كەلگەن تېخىمۇ كۆپ ساندىكى ئەمەلدارلار (خەلقنى بەگلەر ئارقىلىق) ۋاستىلىك باشقۇرۇشقا خاتىمە بېرىپ، خەلق خىتاي ئەمەلدارلار تەرىپىدىن بىۋاستە باشقۇرۇلۇشقا مەھكۇم بولدى. مەقسەتلىك ھالدا يەرلىك خەلققە خىتاي مەدەنىيىتى سىڭدۈرۈش ئۇرۇنۇشى بولۇندى. ئەمما، بۇ رايون كەلگۈسىدىكى خىتاي مىللىي دۆلىتىگە ئاسانلا سىڭىپ كېتىدىغان كۆچمەنلەر مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ كەتمەستىن، يەنىلا ئىمپېرىيە بىلەن ئاجىز ھالدا باغلىنىپ تۇرغان چېگرا مۇستەملىكىسى بولۇپ قالدى. يەرلىك ئاھالە ئۆلكە بولۇشتىن ئىلگىرىكىگە ئوخشاش ھاياتىنى داۋاملاشتۇردى. چەكلىمىسىز رەۋىشتە دىنىغا ئېتىقاد قىلدى، ئانا تىلىدا سۆزلىدى، ئۆزلىرىنىڭ غەيرى رەسمىي شەكىلدىكى ئۆزىنى ئىدارە قىلىش ئۇسۇلىنى قوللاندى. دېھقانچىلىق ۋە  سودا بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇلار يەنە رۇس ئىمپېرىيىسىدىكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان باشقا مۇسۇلمان خەلقلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلدى. شۇنداقلا، سودا ئۈچۈن ئىزچىل رەۋىشتە چاررۇسىيە تېررىتورىيىسىگە سەپەر قىلىپ تۇردى. دىنىي ئوقۇش ۋە ھەج ئۈچۈنمۇ سەپەرلىرىنى داۋاملاشتۇردى. شۇنداقلا، ئۆزىگە تەئەللۇق مائارىپ سېستىمىسىنى داۋاملاشتۇردى ۋە تەرەققىي قىلدۇردى. بۇ خىل مائارىپ سېستىمىسى چىڭ سۇلالىسى مەزكۇر رايوندا تەسىس قىلغان مائارىپ سېستىمىسى بىلەن بىرلىكتە مەۋجۇت بولدى. يەرلىك خەلقنىڭ مائارىپ سېستىمىسى ھەم  دىنىي زاتلار بىلەن ئالاقىسى بولغان ئەنئەنىۋىي دىنىي مائارىپ تورىنى، ھەم دىن بىلەن ئەدەبىيات، تارىخ، ھېساب ۋە ئىلىم-پەن قاتارلىق پەنلەرنى دىنىي دەرسلەرگە باغلىغان ئۇسۇلى جەدىدىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.(24)

## شەرقىي تۈركىستاندىكى جۇمھۇرىيەتچى خىتاي (گومىنداڭ) ۋە زامانىۋى ئۇيغۇر مىللەتچىلىكىنىڭ قەد كۆتۈرۈشى

چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ يىمىرىلىشى 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دۇنيانىڭ باشقا ئىمپېرىيىلىرىنىڭ ھالاك بولۇشىغا تۈرتكە بولغان ئىنقىلاب قىزغىنلىقى بىلەن ئاز بولسىمۇ باغلىنىشچانلىققا ئىگە. ھاكىمىيەتنى ئىگىلىگەن خىتايلار باشلىغان بۇ ئىنقىلاب مۇستەملىكىچىلىككە قارشى ئىنقىلاب ئەمەس. ياكى چاررۇسىيەدە بولغىنىدەك، ئېزىلگەن سىنىپ تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغانمۇ ئەمەس. ھالبۇكى، جوڭخۇا مىنگو ئومۇمىي جەھەتتىن چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ  زېمىنىغا ۋارىسلىق قىلدى. بۇ ئاتالمىش شىنجاڭ ۋە شىزاڭغا ئوخشاش ئاجىز  قوشۇمچە مۇستەملىكىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالدى. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ ھالاك بولۇشى ئىمپېرىيىدىن مىللىي دۆلەتكە ئۆتۈشنى ئەمەس، بەلكى «مىللىي

ئىمپېرىيە»دىن ئىبارەت يېڭى ئۇقۇمغا كۆچكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.(25) بۇ تەرىپى خۇددى چاررۇسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئايلىنىشىغا ئوخشىسىمۇ، ئوخشىمايدىغان تەرىپى جۇمھۇرىيەتچى خىتاي دۆلىتى چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ چەكتىن ئاشقان تەرەپلىرىنى ياكى ئۆزى مۇستەملىكە قىلغان خەلقلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلغىلى ئۇنىمىدى.

چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ ئورنىغا چىققان يېڭى خىتاي دۆلىتىنىڭ «ئىمپېرىيە شەكلى»دىن قول ئۈزمىگەنلىكىنى نەزەرگە ئالغاندا، 1911 ـ يىلىدىكى ئىنقىلابنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىغا تولىمۇ چەكلىك ۋە ئاجىز تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. شەرقىي تۈركىستاندا جۇڭخۇا مىنگونىڭ ئوخشىمىغان ئەمەلدارلىرى ۋەزىپىگە ئولتۇرۇشقا ئەگىشىپ، بۇ ھال ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۆزگەردى. بۇ خىلدىكى خىتاي ئەمەلدارلىرىنىڭ خەلقنىڭ ھاياتىنى كونترول قىلىش ئارزۇسى تېخىمۇ بەك يۇقىرى بولدى. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، جۇڭخۇا مىنگو دەۋرىدە بۇ رايون بۇ يېڭىدىن پەيدا بولغان دۆلەتنىڭ مۇھىم چېگرا رايونى بولۇپ قالدۇ. شۇنداق قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان يېڭى جۇڭخۇا مىنگو دۆلىتىنىڭ بىر پارچىسى بولۇشنى ئەمەس، شەرقىي تۈركىستانغا خوجا بولۇشنى باش نىشان قىلغان، جۇڭخۇا مىنگو مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلەن مۇجمەل مۇناسىۋىتى بولغان بىر ئوچۇق خىتاي ئەمەلداردار تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ دەۋر ئۇيغۇر مىللىي ئېڭىنىڭ بارلىققا كېلىش دەۋرى بولىدۇ. بۇ خىل مىللىي ئاڭ مۇستەملىكىچىلىككە قارشى ئۆز ئىشلىرىنى ئۆزى قارار قىلىش ۋە بۇ رايوندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرىنى ھوقۇق بېشىدىكى خىتايلار بىلەن پەرقلەندۈرۈشنى چۆرىدىگەن ئاساستا بەرپا قىلىنىدۇ. كېيىنكى نەچچە ئون يىلدا، يەرلىك خەلق ئارىسىدىكى بۇ خىلدىكى مىللىي ئويغىنىش ئىككى قېتىملىق ئۆمرى قىسقا دۆلەتنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. بۇ ئىككى دۆلەت ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 1930 ـ ۋە 1940 ـ يىللىرىدا خىتاينىڭ ئىشغالىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بولۇشنى غايە قىلغان دۆلەتلەر ئىدى.

## خىتاي جۇڭخۇا مىنگوسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمدارلىقىنى داۋاملاشتۇرۇشى ۋە يېڭى ئۇيغۇر مىللەتچىلىكىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى

چىڭ سۇلالىسى بېشىنى يېگەندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان تۇنجى خىتاي ئەمەلدار ياڭ زېڭشىندۇر. ياڭ زېڭشىن شەرقىي تۈركىستاننى تاكى 1928 ـ يىلىغىچە ئىدارە قىلغان. كۆپچىلىك تارىخشۇناسلار ياڭ زېڭشىننى مۇستەبىت ھۆكۈمران دەپ قارايدۇ. ئۇ ساداقەتمەنلىكنى قولغا كەلتۈرۈپ، شەرقىي تۈركىستاننى ئۆزىنىڭ شەخسىي زېمىنىغا ئايلاندۇرۇۋالدى.(26) بىراق، ئۇ باشقا

دۆلەتلەرنىڭ مەزكۇر رايوننىڭ ئىگىلىرى بولغان يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىغا ئارىلىششىغا ئوچۇقتىن ئوچۇق چەكلىمە قويىدى. ياڭ بۇ «چېگرا رايون»نى كونترول قىلىش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. بىراق، بۇ رايوننىڭ يېڭى قۇرۇلغان جۇڭخۇا مىنگونىڭ بىر پارچىسى بولۇش ئۈچۈن ھېچقانچە كۈچ چىقارمىدى. ياڭ مۇنداق يازغان ئىدى:«مەن (جۇڭخۇا مىنگونىڭ) بىر قىسمىنى تۇتۇپ تۇرۇشقا قادىر بولالىسام، (مەركىزىي) ھۆكۈمەت باشقا قىسمىنى كونترول قىلىپ تۇتۇپ تۇرالىسا، بۇنىڭدىن ياخشىسى بولامدۇ؟»(27) ئۇنىڭ بۇ رايوننى تۇتۇپ تۇرالىشىدىكى سەۋەبلەردىن بىرىنىڭ بۇ رايوندا قوزغىلاڭلارنىڭ بولۇشى ۋە چەتئەل كۈچلىرىنىڭ ئارىلىششى مۇمكىنچىلىكىنى توغرا ئاڭقىرالىغانلىقىدىندۇر. سوۋېت ئىتتىپاقى مۇڭغۇلىيەگە چاڭگال سېلىپ، ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى قابىلىيىتىنى نامايان قىلغانلىقتىن، ياڭ زېڭشىن بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «شىنجاڭ» ھەققىدە پىلان تۈزۈشىدىن ئەنسىرىگەن ۋە يەرلىك مۇسۇلمان خەلق ئۈستىدىن مۇشۇ خىلدىكى «قۇترىتىش»لارنىڭ بولۇش مۇمكىنچىلىكىنى پەملىگەن. ياڭ زېڭشىڭنىڭ بۇنداق ئەنسىرىشىگە كۆز ئالدىدىكى ئۇيغۇر مىللەتچىلىكىمۇ سەۋەب بولغان. بۇ ئۇيغۇر مىللەتچىلىكىنىڭ خاراكتېرى ئومۇمەن سوۋېت ئىتتىپاقىدا مەيدانغا چىققان مۇستەملىكچىلىككە قارشى مىللىي ئازادلىق تىپىدىكى لېنىنىزمچە ئىدىيەنى ئاساس قىلغان ئىدى. ئۇيغۇر مىللەتچىلىكى تەدرىجىي داۋام قىلىپ شەكىللەندى. چەتئەلنىڭ تەسىرىگە كۆپ ئۇچرىدى. بۇ تەسىرلەرنىڭ بەزىلىرى بەزى ئۇيغۇرلارنى ھېچقانچە زەربىيەتلىيەلمىدى، بەزى ئۇيغۇرلارنى بولسا مىسلىسىز زەرەتلىدى. (28) بۇ مىللەتچىلىكنىڭ شەكىللىنىش جەريانى، چىڭ سۇلالىسى، ھۆكۈمرانلىقىنى، ئاخىرقى مەزگىللىرىدىلا باشلانغان بولسىمۇ، بۇ مىللەتچىلىك دۇنيا مىقياسىدىكى مۇسۇلمان ئىسلاھاتچىلارنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچراپ، بولشېۋىكلار ئىنقىلابىدىن كېيىن ۋە 1880 ـ يىللاردا غۇلجىدىن ئايرىلىپ سوۋېت تەۋەسىگە ئۆتۈپ كەتكەن مۇسۇلمانلارنىڭ ھەرىكىتىدىن كېيىن يۈكسەك ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولدى. 1920 ـ يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىدە («ئۇيغۇر» دېگەن مىللەت نامىنى قوللىنىش) تەشەببۇسى بىلەن، مۇشۇ نامدا تونۇلدى.

1920 ـ يىللىرىدىن ئىلگىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ يۇرتىدا ياشايدىغان تۈركىي مۇسۇلمانلاردا بىر تۈرلۈك كوللېكتىپ كىملىك مەۋجۇت بولۇپ، بۇ كوللېكتىپ كىملىك جۇغراپىيىلىك ئورۇن، تارىخ، ئۆرپ ـ ئادەت، تىل ۋە تېكىستلەرنىڭ ئاغزاكى تارقىلىشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇ كوللېكتىپ كىملىك خىتاي ۋە مانجۇ باشقۇرغۇچىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىق ھالدا شەكىللەنگەن.(29) بىراق، بۇ كوللېكتىپ كىملىك تېخىچە يېڭىچە دۆلەتچىلىك سىيېتىدە ئىپادىلەنمىگەن، مىللىي دۆلەت ئۇقۇمى بىلەن باغلىنىشلىمىغان، «ئۇيغۇر» دېگەن نام بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلەشمىگەن ئىدى. «ئۇيغۇر» نامى بۇ رايونلاردا دەۋران سۈرگەن قەدىمكى چاغلاردىكى تۈرك ئىمپېرىيىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ چاغلاردا بۇ رايوندا ئۇيغۇر دېگەن نام ئىشلىتىلمەيتتى. «ئۇيغۇر» دېگەن نام سوۋېتى ئىتتىپاقىنىڭ قازاقىستاندىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ تۇنجى يىلىدا بوگونكى قازاقىستاندىكى مىللەتپەرۋەر بولشېۋىك ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا چىقىرىلدى ۋە 1920 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىندى.(30) ياڭ زېڭشىننى

ئالاھىدە ئەندىشىگە سالىدىغىنى شۇكى، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت بۇ يېڭىدىن پەيدا بولغان دۆلەتنىڭ ئىدىئولوگىيىسى ئىمپېرىيالىزىمغا قارشى لېنىنىزم ئىدىيىسىنى ئاساس قىلغان بولۇشى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش تارىخىنى تارىخىنى خاتىرىلەشنىڭ مەركىزى سۈپىتىدە تەبرىكلىشى ئىدى.(31) بۇ تەرەققىياتلاردىن خېلى ئەندىشىلەنگەن ياڭ زېڭشىن سوۋېت ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيادا بۇ يەردىكى بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تەرەققىياتلارنى ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىن كەلگەن پەسىللىك ئىشچىلارغا بۇ تەرەققىياتلارنىڭ كۆرسەتكەن تەسىرىنى كۆزىتىش مەقسىتىدە ئوتتۇرا ئاسىيادا كونسۇلخانا قۇردى.(32)

گەرچە ياڭ زېڭشىن قوزغىلاڭ چىقىشىدىن ئەنسىرىگەن بولسىمۇ، ئەمما ھېچقاچان شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ زور كۆلەملىك قوزغىلىڭىغا دۇچ كېلىپ باقمىدى. ياڭ زېڭشىن ئاكتىپلىق بىلەن باستۇرۇۋەتكەن مۇسۇلمانلار قوزغىلىڭىدىن بىرى ئەسلىدە ياڭ زېڭشىننىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ياكى خىتاي ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى بولماستىن، قۇمۇلدىكى ئۆز خەلقىگە زۇلۇم سېلىش بىلەن يامان كۆرۈلىدىغان يەرلىك مۇسۇلمان شاھزادىنىڭ ھوقۇقتا ھەددىدىن ئېشىشىغا قارشى كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭ ئىدى.(33) يىغىپ ئېيتقاندا، ئىنتايىن داۋالغۇشلۇق يامان بىر دەۋردە، ياڭ زېڭشىن شەرقىي تۈركىستاننى ئۆز دەۋرىدىكىدەك تۇتۇپ تۇردى. بىراق، بۇ جەرياندا، ئۇ باشقا خىتاي مەمۇرىي ئەمەلدارلار ئارىسىدىن ئۆزىگە كۆپ دۈشمەن تېپىۋالغان بولۇپ، ئاقىۋەتتە مۇلازىمەتچىسى تەرىپىدىن زىياپەت ئەسناسىدا ئۆلتۈرۈۋېتىلىش قىسمىتى بىلەن ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاخىرلاشتۇردى.(34)

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم، ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

*نەقىل مەنبەلىرى ئۇچۇن ئەسەرنىڭ ئەسلى نۇسخىسىغا مۇراجىئەت قىلغايسىز.



تارىخ ۋە بىز

# قەھرىمان دۇنياغا شۇنداق كېلىدۇ

ئابدۇرېھىم ئابلەتخان

# قەھرىمان دۇنياغا شۇنداق كېلىدۇ

ئابدۇرېھىم ئابلەتخان

سەن ھاياتىڭنىڭ مۇشكۇلاتلىرى ئىچىدە تېڭىرقاپ قالغان، ئۈمىدسىزلىنىپ ھەسرەت چەككەن چاغلىرىڭدا يىراق ئۆتمۈشتىن كېلىدىغان ئاجايىپ بىر تىۋىشقا قۇلاق سال. بۇ تىۋىش ساڭا ئەجدادلار توغرىسىدىكى مىڭ يىللىق كۈيلەر، قەھرىمانلىقنىڭ ئىللىق ھەم جەڭگىۋار قان ھىدى كېلىۋاتقان، نىمجانغا جان قوشىدىغان ئاھاڭلىرى كېلىپ، قەلبىڭگە سەن ئىلگىرى ھېس قىلىپ باقمىغان ھېسلارنى ئاتا قىلسۇن. سېنىڭ بىچارە، يېتىمسىرىغان روھىڭنى ئۆز قوينىغا ئېلىپ، ساماۋىي يۈكسەكلىكلەرگە كۆتۈرسۇن. پەقەت نالە قىلىشقىلا كۆنگەن لەۋلىرىڭنى مەھكەم يۇمۇشنى، ساڭا ھەقىقىي ئەركەكتەك تىك تۇرۇشنى ئۆگەتسۇن. بىر زەئىپ يۈرەك، بىر بىچارە تەشنا قەلب ھېس قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئەمما ھېس قىلمىغان، ھېسسىياتلاردىن بەھرىمەن بولۇپ باق! ئۇ سېنىڭ مەنىسىز، ئۈمىدسىز ھاياتىڭنى ئۆزگەرتىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق پەزىلەتلىرى ئىچىدە قەھرىمانلىق بىردىنبىر تۈپكى پەزىلەت، تارىختىكى بارلىق مەنىۋى بايلىقلار ئىچىدە قەھرىمانلىق داستانلىرىلا ئەسىر ـ ئەسىرلەردىن بۇيان قەلبلەرگە بىردىن ـ بىر قۇۋۋەت بولۇپ، ئۇلارنى يىگىلەپ قورۇپ كېتىشتىن ساقلاپ كەلدى. قەھرىمانلار توغرىسىدىكى داستان ۋە چۆچەك رىۋايەتلەر بىر خەلقنىڭ تارىخىي بايانلىرىنىڭ گۈلتاجى. بۇ باتۇرلۇق كۈيلىرى، ئېغىر كۈنلەردە ۋە مۇشەققەتلىك ھايات سەپىرىدە كېلىۋاتقان كارۋانغا ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بېغىشلاپ جاپالىق سەپەرنىڭ چوقۇم بىر كۈنى ئاياغلىشىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ. بۇ داستانلار ئاجىزلارغا كۈچ، ئۈمىدسىزلەرگە ئۈمىد ـ ئىشەنچ بېغىشلايدۇ. پەقەت سۇنماس ئىرادىلىك، تەقدىرگە باش ئەگمەيدىغان ئەزىمەتلەرنىڭ ھامان بىر كۈنى مەقسەتكە يېتىدىغانلىقىغا ئىشەندۈرىدۇ ۋە يېتەكلەيدۇ.

قەھرىماننىڭ ھايات مەقسىتى مىللىتى ۋە ۋەتىنى ئۈچۈن بولغاچقا، ئۇنىڭ شۆھرىتىمۇ چوقۇمكى مىللەت ياكى دۆلەتكە تەۋە بولىدۇ. مەيلى ئۇنىڭ شۆھرىتى قانچىلىك تارالغان بولسۇن، ئۇ بۇ شۆھرەتنى

ئۆزىنىڭ مىللىتى ۋە ۋەتىنى ئۈچۈن قىلغان كۈرەشلىرى بىلەن قولغا كەلتۈرگەن بولىدۇ. قانداقتۇر ئومۇمى ئىنسانىيەتكە تەۋە قەھرىمان بولمايدۇ. بۇ خۇددى ئىنسانىيەتكە ئورتاق مەنپەئەت بولمىغاندەكلا بىر ئىش. مەيلى بىز قانچىلىكلا زورۇقۇپ، مۇھەببىتىمىزنى بىلدۈرمەيلى، باشقىلارنىڭ قەھرىمانى ھەرگىزمۇ بىزنىڭ بولالمايدۇ. باشقىلارنىڭ قەھرىمانى چوقۇمكى بىزنىڭ مەنپەئەتىمىزنى ئۆز مىللىتىگە ئېلىپ بېرىش، ياكى ئۆز مىللىتىنىڭ دەخلىگە ئۇچرىغان مەنپەئەتىنى قوغداش بىلەن دۇنياغا كېلىدۇ. بۇ خۇددى ناپولېئون شەرقلىقلەرنىڭ قەھرىمانى بولمىغىنىدەك، ستالىن بىزنىڭ قەھرىمانىمىز بولمىغاندەكلا بىر ئىش. قەھرىمانلىق ئاۋام تۇرمۇشىدىن ھالقىپ كېتىدۇ، بىراق ئۇ ئاۋام ئارىسىدا مەڭگۈ ساقلىنىدۇ. ئۇ ئورتاق خەۋپ ۋە چاقىرىق كۈچكە ئىگە بولغاندا، ھەيران قالارلىق كۈچلىنىپ ئاۋاملىشىدۇ.

ماھىيەتتە ئاۋام ئۇلارنىڭ بۆشۈكىدۇر. پەقەت بىر ئادەمنىڭ شەخسىي يۈكىنىلا كۆتۈرۈشتىن ھالقىپ، قەلبىگە خەلقنىڭ مۇراد ـ مەقسەتلىرىنى يۈككەن ئادەم ھەقىقىي قەھرىمان بولىدۇ. قىلىۋاتقان ھەرىكىتىنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا «خەلقىم ئۈچۈن» دەپ ئىزاھلاپ تۇرۇشنى ئۇنۇتمايدىغانلار چىن مەنىسىدىن قەھرىمان ئەمەس.

ھەقىقىي قەھرىمان ئۆز ھەرىكىتىنىڭ ئۇلۇغۋار مەقسىتىنىڭ كىم ئۈچۈنلۈكىنى ئىزاھلاپ يۈرمەيدۇ. ھەتتا ھالقىلىق مىنۇتلاردا ئۆز خەلقىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلسا، بەزىدە كۆپ سانلىقنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئاز سانلىقنى قۇربانمۇ قىلىدۇ. بۇ ئۇلاردىكى ئەسلىدىكى ھېسسىي ئەقلىنىڭ كېيىنچە ئەقلىي يەكۈن دەرىجىسىگە يۈتكىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. قەھرىمان دەۋرداشلىرى تەرىپىدىن بەزىدە نۇقسانسىز «ئەۋلىيا» لىققا مەجبۇرلىنىپ، ئۆز خىزمىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى «ئەخلاق» دەپ ئاتىلىدىغان، شەكىلسىز قىممەتكە ئىگە نۇقتىئىنەزەر بىلەن باھالىنىپ قارىلىنىدۇ ۋە ياكى كۆپ سانلىقنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن قىلغان، كەسكىن پوزىتسىيىسى ۋە تەدبىرى بىلەن دەۋرداش ئاۋام تەرىپىدىنلا ئەمەس بەلكى كېيىنكىلەر ئۈچۈنمۇ ئىبرەتلىك تېما ۋە قانخور ئالۋاستى سۈپىتىدىمۇ تەسۋىرلىنىدۇ. مانا بۇ ھەقىقىي قەھرىماننىڭ ناھەق قىياپىتى ۋە تراگېدىيىسى. قەھرىماننىڭ ئەخلاقى بىلەن خىزمەت ئىقتىدارىنى باغلاپ كۆڭگەن ئاۋامغا قارىغاندا، قەھرىماننىڭ ئۆزىگىلا مۇناسىۋەتلىك پەزىلىتىنى بىر يانغا قايرىپ قويۇپ، خەلق تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان خىزمەت ئىقتىدارىنى ئاساس قىلىدىغان ئاۋام تولىمۇ دانادۇر، ئۇلار قەھرىماننىڭ «مېغىزى»نى يەپ، «شاكىلى»نى يېمەيدىغان كەڭ قورساقلاردۇر. بۇ ئىككى خەلقنىڭ ئۆز قەھرىمانلىرىغا تۇتقان پوزىتسىيىسىدىكى ئوخشىماسلىق ئۇلارنىڭ دۇنيادىكى ئورنىنىڭ ئوخشىماسلىقىنى بەلگىلىگەن. شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ ئوخشاش زېمىندىكى، ئوخشاش دەۋردىكى تەقدىرى ئوخشاش بولمايدۇ. قەھرىماننىڭ پەزىلىتىدىكى ئۆزىگە ياقمايدىغان نۇقسانلارنى ئۇنىڭ خىزمەت ئىقتىدارى بىلەن

باغلىۋالىدىغان كىشىلەر مېغىز بىلەن شاكالنى ئايرىلاشتۇرۇپ يەۋېلىپ، بۇ مېۋە بەتتامىكەن، دەيدىغان نادانلاردۇر. «قۇم باسقان شەھەر» رومانىنىڭ 11 ـ بابىدا شۇنداق تراگىكومېدىيىلىك بىر ۋەقە بار.

مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆزىنىڭ پادىشاھى يوقلۇقىنى ھېس قىلغان بىر توپ خەلق ئۆزلىرىگە پادىشاھ سايلاش ئۈچۈن سايلام قىلىدۇ. سايلامدا بىراۋ تۇردى سەرراپنى پادىشاھ بولسۇن دېگەندە، يەنە بىرى «ياق، ئۇ بولمايدۇ. ئۇنىڭ مەخپىي خوتۇنلىرى بار» دەپ قارشى تۇرىدۇ. يەنە بىراۋ تاشئاخۇن تېۋىپنى كۆرسەتسە، پادىشاھ بولغۇسى بارلاردىن بىرى ئۆكتە قوپۇپ، «بۇ تېۋىپ ئېرى يوق خوتۇنلارنىڭ كېسىلىنى بەكرەك كۆرىدۇ» دەپ قارشى تۇرىدۇ. ئاردىن سادىق تامچىنى كۆرسەتكەندە، ئۇنىڭ ھەققەمسايىلىرىدىن بىرى «ئۇ ئۆتكەن يىلى قوشنىسى بىلەن سوقۇشۇپ قېلىپ، قولىدىكى كەكە بىلەن قوشنىسىنى چانىۋەتكىلى ئاز قالغان» دەپ پاش قىلىدۇ. توختى دوكار دەپ بىر سودىگەر كۆرسىتىلسە، ئۇنىڭ بىر مەسچىدداشى «بولمايدۇ، بىر قېتىم ئۇنىڭ ئىشتىنى مەسچىتتىلا سىيرىلىپ كېتىپ رەسۋا بولغان» دەپ ئۇنىمايدۇ... ئاپتور ئاخىرىدا «بۇ شەھەرگە خۇدا ئاسماندىن پادىشاھ بولۇشقا پەرىشتىلەرنى چۈشۈرۈپ بېرەلمەيدۇ ـ دە» دەپ ئاچچىق كىنايە قىلىدۇ. مەڭگۈ يەتكىلى بولمايدىغان ئىنسانىي مۇكەممەللىك ۋە خىزمەت بىلەن ئەخلاقنىڭ مۇناسىۋىتىنى يورۇتۇپ بېرىشتە، دۇنيا ئەدەبىياتىدا بۇنىڭدەك ئوبرازلىق ئەسەر بولمىسا كېرەك..... بىر ئادەمنىڭ شەخسىي پەزىلىتىدىكى نۇقسانلارنى دېرىزە قىلىپ، ئۇنىڭ خىزمەت ئىقتىدارى ۋە قابىلىيىتىگە نەزەر سېلىنىغانلىقى سەۋەبلىك، بۇنداق خۇيدىكى ئاۋام ئارىسىدا مەڭگۈ ئىتتىپاقلىق بولمايدۇ. ئۇلار ئارىسىدىن ئاسانلىقچە خەلق داھىيسى چىقمايدۇ. ئاۋامنىڭ ئۆز دۇئالىرىدا توختىماي تىلەۋاتقان، كانىيىنىڭ بارىچە توۋلايدىغان ئىتتىپاقلىق ماھىيەتتە باشلىنىش ئەمەس، بەلكى مەلۇم جەرياننىڭ ئاخىرلىششىدىن كېلىدىغان نەتىجە. ئىتتىپاقلىق نۇرغۇن بەدەللەر ھېسابىغا قولغا كېلىدۇ، ئاشۇ ئىتتىپاقلىققا ئېرىششى ئۈچۈن چوقۇم ئۇنىڭ مەنپەئەتدارلىرى ھەر ـ بىرى ئايرىم ـ ئايرىم بەدەل تۆلىشى كېرەك. بەزىدە ئاتا دۈشمىنىنىڭ قولىنى سقىشقا، يەنە بەزىدە ئۆزى بىلەن پىكىر ئىختىلاپى، ياكى شەخسىي زىددىيىتى بار ئادەم بىلەن ئورتاقلىششقا، قاچاندۇر بىر چاغلاردا ئۆزىگە ئەخلاقسىزلىق قىلغان ئادەم بىلەن چىرايلىق سالاملىششقا، بىر داستىخاندا مۇڭدىششقا مەجبۇر بولغاندىلا ۋە خالىغاندىلا، ئاندىن ھېلىقى ھەممىنى مەپتۇن قىلىدىغان ئىتتىپاقلىق ۋە بىرلىككە ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئەگەر بۇ خىل بەدەل تۆلەيدىغان ئۇسۇل ئۇنۇم بەرمىسە، پەقەت ھوقۇق مەركەزلەشكەن ھەمدە مۇرەسسەسىز دىكتاتورا يۈرگۈزۈلگەن تۈزۈم ئاستىدىلا، خۇددى ئۇزۇم دانىسىدەك چېچىلغان ئىختىلاپتىكى ئاۋامنى ئۇزۇم ساپىقىغا مەجبۇرىي يىغىش مۇمكىن. ئىتتىپاقلىق پەقەت يۇكسەك دېموكراتىيە ياكى مۇرەسسەسىز دىكتاتورا ئاستىدىلا مەۋجۇت بولالايدۇ. مانا بۇلار مۇشكۇل مەنزىلگە يېتىش ئۈچۈن مەلۇم ۋاستىلەرنى قوللىنىپ،

ئاۋام تەرپىدىن لەنەتلەرگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۆز غايىسى ئۈچۈن تىرىشقۇاتقان قەھرىمانىنىڭ يوشۇرۇن ئازابى. ئۇلۇغۋار غايە، ئازاب بىلەن قوشكېزەك بولىدۇ. بۇ ئازاب ئۆزىنىڭ شېرىن تەمى، پەقەت ئۆز ساھىبىلا چۈشىنەلەيدىغان تاشلاپ كەتكۈسىز مېھرى بىلەن تارىختىن بۇيان ناھايىتى ئاز ساندىكى ئادەملەرگىلا نېسىپ بولىدۇ. بۇ ئازابنى ھەممىلا ئادەم بىلىدۇ-يۇ، لېكىن ئۇنىڭ شەكلەن قىياپىتىنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن قورقىدۇ ۋە خاتىرجەم ياشاشنى ئىزدەيدۇ. پەقەت مۇشۇ ئازابقا جۈرە بولۇش ئۈچۈنلا تۇغۇلغان ئەزىمەتلەرلا ئۇنىڭ ئاشىقى بولۇپ، ھاياتىنى ئۇنىڭغا بېغىشلايدۇ. بۇ شېرىن ئازابنىڭ ساھىبى بولغان قەھرىمانلار، ئۆزىنىڭ شەرەپلىك تارىخى بىلەن ئۆز مىللىتىنىڭ شانلىق تارىخىنى يارىتىدۇ.

بىز ئاتىسىنى ئۆلتۈرگەن رېئال شەخسنى نورمال ئەخلاق قارىشىمىزغا سىغدۇرۇشىمىز مۇمكىن ئەمەس. ئەمما يىراقتا قالغان ئوغۇزخاننىڭ مۇكەممەل ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسى ئۈمىدىدە ئاتىسى باشلىق قېرىنداشلىرىنى قىرىپ تاشلىشى ئۇنىڭ كەسكىن پوزىتسىيىسى دەپ تەرىپلىنىدۇ. دېمەك، قانداقلا بولمىسۇن ئوغۇزخاننىڭ پوزىتسىيىسنى چۈشىنىشكە قادىر بولدۇق.

## ھەججاج

ئىسلام تارىخىدىكى قانخور نامى پۇر كەتكەن ھەججاج ئەينى ۋاقىتتا ئىسلام خەلىپىلىكى تەۋەسىدىكى ئۆكتىچىلەرگە نىسبەتەن بۇگۈنكى كىشىلەرنىڭمۇ تېنى شۈركۈنىدۇرگىدەك باستۇرۇشلارنى قوللانغان ئۇ ۋە ئۇنىڭ سەپداش سەركەردىلىرى ئەتراپتىكى ئەللەرگە ئېلىپ بارغان يۈرۈشلىرى نەتىجىسىدە ئىسلام خەلىپىلىكى مىسلىسىز نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن. مۇسۇلمان تارىخچىلىرى ئۇنى ئىسلام تارىخىدىكى ئەڭ يىرگىنچلىك، قانخور كىشىلەر قاتارىدا سانىسىمۇ، يىراق ئۇنىڭ تۆھپىلىرىگە كۆز يۇمۇشقا ئامالسىزدۇر. تارىخچىلار مەدھىيىلەپ كۆنۈپ قالغان ئەرەب نەسلىدىن بولغان ئەخلاقلىق، شائىرانە، مۇلايىم، ئەمما قەھرىمانلىق بابىدا يارىماس پادىشاھلارنىڭ ياراتقان نەتىجىلىرى ھەججاجنىڭ تۆھپىلىرى ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ. ھەر قانداق تارىخچى ئەگەر ھەججاج كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئۆكتىچىلىك ئەۋج ئالغان سۇلتان ۋە خەلىپىلەر ئىچكى ئۇرۇش قاينىمىدا خەلقنى ھالسىرىتىۋاتقان دەۋرلەردە بولغان بولسا، يېقىنقى زامان ئىسلام تارىخىنىڭ ئۇنچىۋالا ئېچىنىشلىق يېزىلمايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشى كېرەك. دېمەك، ھەججاجنىڭ دىكتاتورىسى، ئۆزىنىلا خۇدانىڭ دوستى ساناپ، قارشى تەرەپنى ئاللانىڭ دۈشمىنى ساناشقا خۇشتار خەلقنى مەجبۇري تىنچلاندۇرۇپ، ئىسلامىيەتنىڭ كېيىنكى گۈللىنىش دەۋرىگە ئاساس سالغان.

## چىن شىخۇاڭ

چىن شىخۇاڭ مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىدىيىنى بىر نۇقتىغا مەجبۇرلاش ئۈچۈن، كىتاپنامىلەرنى كۆيدۈرگەن. كۇڭزىچى ئۆلىمالارنى تىرىك كۆمگەن. ھەر قايسى بۆلۈنمە بەگلىكلەرگە قارىتا قانلىق قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارغان. مۇشۇ ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش بەدىلىگە تۇنجى قېتىم تېررىتورىيىسى ھەممىدىن چوڭ چىن سۇلالىسى دۆلىتى قۇرۇلغان. ناۋادا ھەر قايسى بەگلىكلەر پەقەت ئۆزىنىلا قانۇنلۇق پادىشاھ، تەڭرىنىڭ ۋەكىلى ساناپ ئولتۇرسا، چىن شىخۇاڭسىز بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاش مۇمكىنمۇ؟! ئۇمۇ بۈگۈنكى كۈندە جۇڭگودىكى ۋەتەنپەرۋەرلەرنىڭ ئالدى بولالامتى؟!

## جاللات ستالىن

جاللات ستالىننىڭ باشقا ئەل خەلقلىرىگە سالغان كۈلپەت قىرغىنچىلىقلىرىنى سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ بۇ قىرغىنچىلىقلىرى بىلەن ئوڭ تاناسىپ بولغان ئورۇس مەنپەئەتى ئۇنى رۇسلارنىڭ قەھرىمانىغا ئايلاندۇرغان. ھوقۇق مەركەزلەشكەن پارتىيە، شەخس نوپۇزىنىڭ قۇدرىتى، تەلۋىلەرچە سانائەتلەشتۈرۈشنىڭ دەسلەپكى نەتىجىسى قاتارلىقلار بۇ جاللاتنى ئورۇس تارىخىدىكى مۇۋەپپەقىيەت قازانغان شەخس قىلىپ قويىدى. دېمەك ئورۇسلار ئۈچۈن لېنىنىزمنىڭ ئىجادكارى بولغان لېنىنغا قارىغاندا بۇ مۇستەبىتنىڭ ئورنى يەنىلا يۇقىرى. چۈنكى ئىلگىرىكى تەسىرىدىن كۈنسېرى ئايرىلىپ قېلىۋاتقان ئورۇسلار ئۈچۈن ئىدېئولوگىيىنىڭ قىممىتىدىن شەخسنىڭ قۇدرىتى چوڭ كۆرۈنىدۇ. ماركسىزم ۋە لېنىنىزمغا قارىغاندا، ئەمەلىي قىممەتكە ئىگە ستالىنىزىم ئورۇس مەنپەئەتىگە تېخىمۇ يېقىندۇر. شۇڭا رۇسىيىدىكى ئاخىرقى داھىينىڭ ھەيكىلى ستالىننىڭ بولۇپ قېلىشى مۇقەررەر. دېمەك، خەلقنى ئورتاقلىققا ئىگە قىلىدىغان ھەرقانداق ھەرىكەت ئېۋەندىن خالىي ئەمەس. بۇ ئەيىبنىڭ خاتالىق بولۇش بولماسلىقى، ئۇنىڭغا باھا بېرىشكە خۇشتار ئاۋام كۆڭلىنىڭ كەڭ ـ تارلىقى ۋە پىداكارلىقىنىڭ دەرىجىسىگە باغلىق. ئۆزىنىڭ جانجان مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك مۇشۇنداق تاللاشتىمۇ پىداكارلىق قىلمايدىغان ئاۋامدىن ئۆتە بىچارە خەلق بولمىسا كېرەك. پىداكارلىقى بولمىغان ئاۋامغا ئەركىن تاللاش پۇرسىتى بېرىلگەندىمۇ كۆپ سانلىقلار ئۇتۇپ چىقسا، يېڭىلگەن ئاز سانلىق ئۆكتىچىلەر يەنىلا بۇ ئادىل مۇسابىقىدە چىدىماسلىق قىلىدۇ. ۋە بۇزغۇنچىلىققا تەييارلىنىدۇ. بۇ ھازىر ئۆزىنىلا ئەۋلىيا سانايدىغان شەرق خەلقلىرىنىڭ ئاجىز پسىخكىسى بولۇپ قالدى.

دۇنيا خەلقلىرىنى جەلپ قىلىدىغان ئامېرىكا ئەلباشى سايلىمىدا ئەلباشى مۇقىملاشقاندىن كېيىن، يېڭىلگەن پارتىيە ئۆزىنىڭ ھەرقانداق ئۆكتە پىكىرلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، دۆلەت مەنپەئەتى ئۈچۈن قارشى تەرەپتىن بولغان رەھبەرگە مۇتلەق بويسۇنىدۇ. مانا بۇنى ئىتتىپاقلىق ئۈچۈن قىلىنغان پىداكارلىق ۋە تۆلىگەن بەدەل دەيمىز. ئەگەر ئۇنداق قىلمايدىكەن، بىزلەر ئەيىبلەۋاتقان باستۇرۇش ۋە دىكتاتورا ئۇلارغىمۇ تەييار. پىداكارلىقى بولمىغان ئاۋامدا سىياسىي ئاڭمۇ بولمايدۇ. ئۇلاردا پەقەت تار دۇنيا قاراشتا شەكىللەندۈرگەن ئاددىي ئادىمىلىك كۆز قارىشىلا بولىدۇ. ئۇلار قەھرىمانغا باھا بەرگەندە، دۇنيا قارىشىدا شەكىللەندۈرگەن، ۋۇجۇدىدىكى شەخسىيەتچىلىك بىلەن رامكىلانغان كىچىككىنە دېرىزىسىدىن قاراپ باھا بېرىدۇ ۋە باھاسىغا مەپتۇن بولۇپ كېتىۋاتقان كارۋانغا قاۋاۋاتقان ئىتتەك قىلىۋېرىدۇ. قەھرىماننىڭ مىجەزىدىكى غەيرىلىكنى ئۇنىڭ ئىدىيىسىنى باھالاش شەرتى قىلىۋېلىش دەۋرنى ئۆز قەھرىمانلىرىدىن ئايرىپ تاشلايدۇ ۋە مەزكۇر خەلقنى داھىيسىز ياشاش بىلەن جازالايدۇ. مانا بۇ قەھرىمانلىق چوقۇقسىغا ئىنتىلىۋاتقان، ئىرادىسىنى ئەتراپتىكى رېئاللىقى كۆيدۈرۈۋاتقان نۇرغۇن بولغۇسى قەھرىمانلارنىڭ كۆيگەن ئارزۇسىنىڭ ئاچچىق تۈتۈنىدۇر. بۇ خىلدىكى ئاۋام ئۈچۈن ئۆلگەن ئۆلۈك ۋە سۈت ئېمىۋاتقان بوۋاقلا ھەسەت قوزغىمايدۇ. شۇڭا بۇ خەلقنىڭ تىرىك قەھرىمانى بولمايدۇ. ئەۋلىيالىرى بولسا ئۆلگەن بولۇپ، ئۇلار كۆڭلىنى شاد ئېتىش ئۈچۈن بەزىلىرى "ھايات غوجام" دەپ تەرىپلىنىۋالىدۇ.

دېمەك، مۇكەممەللىك پەقەت ئاللاھقىلا خاس. بىراۋنى ئالىيجانابلارچە ئەيىبلەۋاتقان يەنە بىر ئادەم ئالىيجاناب بولغانلىقى ئۈچۈنلا نامەرد كېلىدۇ. بىر جەمئىيەتنىڭ يۈكىنى كۆتۈرۈشكە تىرىشىۋاتقان ئىنساننىڭ تۆھپىلىرىدىن قىل ئىزدەۋاتقان يەنە بىر بىچارە، ھېچكىم بىلەن زىددىيەتلەشمەي بېقىش سورۇنىغا ئۈچرىمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ چوقۇمكى قولىدىن ئائىلىۋى ئىشلارلا كېلىدىغان پىتنىخوردۇر. نۇرغۇن ئاۋام باشقىلارنى ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن ئەيىبلەشكە خۇشتار كېلىدۇ. ئەمما ئۆزلىرى ئەيىبلەۋاتقان ئادەم ئۇچرىغان رېئاللىققا ئۇچرىسا ئۇنىڭدىنمۇ ئۆتە نومۇسسىزلىق قىلىدۇ.

خالىدنىڭ قوشۇنلىرى

خالىد ئىبنى ۋەلىد بىلەن ئەمىر ئىبنى ئاسنىڭ كېلىپ چىقىشى بىر لۈكچەكلەردىن

بولسىمۇ، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ۋە خەلىپە ئۆمەر دەۋرىدە ئىسلام قوشۇنلىرىنىڭ باشلىقى قىلىپ ئىشلىتىلگەن، خەلىپە ئۆمەر كېيىنچە ئەمىر ئىبنى ئاسنىڭ كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىكىدەك تەقۋادار ئەمەسلىكىنى،

ھېيلىگەرلىكىنى بىلگەن بولسىمۇ، بىر تەرەپلىمە كۆز قاراشلارنى قايرىپ قويۇپ، ئۇنى دۆلەت مەنپەئەتى ئۈچۈن قورقماي ئىشلەتكەن، ئۇنىڭ ئىسلام دۇنياسىنىڭ مۇنەۋۋەر قوماندانى بولۇپ، چىقىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن. خەلىپە ئۆمەرنىڭ بۇنداق مەردلەرچە ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن تۇتقان پوزىتسىيىسى كېيىنكى خەلىپىلەر دەۋرىدە قوللىنىلغان بولسا )ھەتتا بۈگۈنمۇ ھېچقايسى مۇسۇلمان رەھبىرى بۇنچىلىك مەردلىك قىلالمايۋاتىدۇ( چوقۇمكى ئىسلامىيەتنىڭ نۇرغۇنلىغان ئىچكى ئۇرۇشلىرى يۈز بەرمىگەن بولاتتى.

### ھەسەنبېكنى ئازدۇرغان ئايال پادىشاھ

1710 ـ يىلى چار پادىشاھ پېتىر ئۆزىنىڭ ئاساسلىق قوشۇنى بىلەن ئوسمانلىي تۈركلىرىنىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئەمدىلا دۇنيا سەھنىسىدە باش كۆتۈرۈۋاتقان ئورۇسلارنىڭ تەقدىرى قايتا يوقىلىش خەۋپىگە ئۇچرايدۇ. مۇشۇنداق ھالقىلىق ۋاقىتتا خانىش يېكاتىرانا تۈرك سەركەردىسىگە مەخپىي ئۇچۇر يوللاپ، ئۇنىڭ بىلەن يالغۇز كۆرۈشۈش ئارزۇسىنى بىلدۈرىدۇ ۋە ئىشقۋاز ھەسەنبېكنىڭ يالغۇز قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولىدۇ. يېكاتىرانانىڭ ئاجايىپ ناز ـ كەرەشمىلىرىدىن تولۇق رازى بولۇپ كەتكەن بۇ خائىن قورشاۋدىن ئازراق يوچۇق ئېچىپ بېرىدۇ. بۇ جىنايى ئۈچۈن كېيىن تۈرك سۇلتانى تەرىپىدىن دارغا ئېسىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بىز بىلىدىغان كېيىنكى دەۋرلەردىكى چار رۇسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ يوقىلىش تەقدىرى ئۆزگىرىپ قالىدۇ. يېكاتىرانانىڭ بۇ ئەخلاقسىزلىقى ئۇنىڭ ئورۇس تارىخىدىكى ئوبرازىغا دەخلى يەتكۈزمەيدۇ. ئۇنىڭ ئورۇسلار ئۈچۈن ياراتقان ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى بارلىق تۆھپىلىرى مەدھىيىلىنىدۇ.

### ماركس ۋە ئايالى جېننى

پرولېتارىياتنىڭ ئۇستازى ماركسنىڭ ئاشنىسى لېسكىن بىلەن بولغان سەتچىلىكىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ دوستى ئېنگېلس تۇغۇلغان بالىنى ئۆزى بالا قىلىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ماركسنىڭ بۇ مەخپىي ئەخلاقسىزلىقى باستۇرۇۋېتىلىدۇ. ئۇ ماركسىزمچىلارنىڭ داھىيسى بولۇش شەرىپىدىنمۇ مەھرۇم بولمايدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ پەلسەپە ساھەسىگە يېڭى بىر ئۇقۇم قوشۇلىدۇ. ماركسىزم دۇنياغا كېلىدۇ.

تارىخىي قەھرىمانلارغا نىسبەتەن ئەڭ ئادىل باھا ئۇلارنىڭ يەتمەكچى بولغان نىشانى ۋە ئومۇمى خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىدۇر. ھەرگىزمۇ پىداكارلىقى بولمىغان ئاۋامنىڭ ئائىلىۋى

غەملەر بىلەن ئۇيراپ كەتكەن كاللىسى بىلەن چىقىرىلغان ھۆكۈمى ئۇلارغا بېرىلگەن باھا بولالمايدۇ. چۈنكى، تۇرمۇش غەملىرىنى يەپ بولالمايۋاتقان ئاۋام قەھرىمانىنىڭ ئازابىنى قانداقمۇ چۈشىنەلەيدۇ!؟

سۇڭ جياڭ

«سۇ بويىدا» رومانىدىكى شىپالىق يامغۇر سۇڭ جياڭ 108 قاپ يۈرەك ئەزىمەتكە باش بولۇپ لياڭشەن تۇراسىدىن چىقىپ تاكى فاڭلانى يوقاتقانغا قەدەر نۇرغۇن غەلىبىلىك كۆرەشلەرنى قىلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ تەبىئىتىدىكى ئەسلىدىنلا ئوردا تالىپچاقلىرىغا خاس بولغان، خىتاينىڭ ئەنئەنىۋى ئوردىغا سادىق بولۇش دېگەن ئۇقۇمىنىڭ ئاسارىتىدىن چىقالماي، ئۆزىنىڭ ھايات ـ ماماتتىكى بۇرادەرلىرىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە ئۆز ئارزۇسىغا يېتىدۇ. ماۋزېدۇڭمۇ ئۇنىڭ بۇ قىلمىشىنى ئوتتۇرا قاتلام زىيالىيلىرىدىكى ھالقىلىق ۋاقىتتىكى تەسلىمچىلىك دەپ باھا بەرگەن ئىدى. سۇڭ جياڭنىڭ ئەدەپلىك، مۇلايىم، ئاقكۆڭۈل خاراكتېرى بىلەن قىلغان تەسلىمچىلىكىگە قاراپ، بىز تەبىئىي ھالدىلا ساۋاتسىز قارا قۇيۇن لى كۈي بولغان بولسا ئۇنداق بولمايتتى دەپ ئويلاپ قالىمىز. ھەقىقىي قەھرىمان بىلىم ۋە ئەدەپكە قارىغاندا ئۇلۇغۋار غايىگە مايىل كېلىدۇ. پەقەت ئۇنىڭ غايىسىلا ئۇنى يول باشچى بولۇش قىممىتىگە ئىگە قىلىدۇ. يول باشچىنىڭ تۆپكى بىردىنبىر ئالاھىدىلىكى غايىگە ئىگە بولۇش. مۇستەقىل ئۇلۇغۋار غايىلا ئۇنى كۆرەش داۋامىدا ئېزىپ كېتىشتىن ساقلىيالايدۇ. ئورنىنى تاپالمىغان ئادەم ئاسانلا خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويىدۇ. ئاۋامغا باشچى بولۇش، دۆلەت باشقۇرۇش ھەممىلا ئادەم قىلالايدىغان كەسىپ ئەمەس.

ئەمىر تېمۇر كۆراگانى

ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىكى داڭلىق ئاسترونوم ئۇلۇغبەگ تراگېدىيىسىنى ئويلىنىپ كۆرۈش تامامەن مۇمكىن. ئەسلىدىنلا ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈنلا تۇغۇلغان بۇ ئالىم تەخت ۋارىسى بولۇپ قالىدۇ. ئىلىم ۋە تەتقىقاتقا چىن كۆڭلىدىن ھەۋەس ـ ئىجتىھات قىلىدىغان قەلبى دۆلەت ئىشلىرىدىكى قاتتىق ـ يۇمشاقلىق، ئەپۇ ـ زالىملىقنى ماسلاشتۇرۇپ بارالمايدۇ. ئاسماندىكى 1018 يۇلتۇزنىڭ ئورۇن ـ تەرتىپىنى پۇختا بىلگەن بىلەن، ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان ھاكىمىيەتنى، ئەركە ئوغۇللىرىنىڭ دۆلەت قانۇنىنى بۇزۇشى سەۋەبىدىن پەيدا بولغان ئىچكى نىزاھلارنى بىلەلمەيدۇ. ئۆزگىرىشچان ئادەم تەبىئىتىگە تۇرغۇن يۇلتۇزلارغا تۇتقان مۇئامىلىنى ئىشلىتىدۇ.

ئەمىر تېمۇر بولسا نەۋرىسى ئۇلۇغبېگكە قارىغاندا، ئىلىم بابىدا تولىمۇ يېتەرسىز بولغان بىلەن ئۇ مۇتلەق هۆكۈمران بولۇشقا لايىق ئادەم. ئۇ تۈزگەن قانۇنغا ھەتتا ئۆز پەرزەنتلىرىنىمۇ خىلاپلىق قىلىشقا پېتىنالمايتتى. شۇڭلاشقا بىلىمسىز بولسىمۇ، غايە ۋە ئادالەتنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلغان بۇ قەھرىمان دۆلەتنى ئەمىن قىلالىغان.

ئۇلۇغبېگ رەسەتخانىسى

نېمشقا ئېيىنشتىين، ئايتماتوفلار دۆلەت باشلىقى بولۇش تەكلىپىنى رەت قىلغان؟

سەۋەب دۆلەت ئاتىسى بولۇشقا ئىلىمگە قارىغاندا جاسارەت ۋە پەم-پاراسەت كۆپرەك كېتىدۇ. ئىلىم بولسا ئىزچىل يۇمشاق ھەقىقەت، سىياسەت بولسا بەزىدە تاشتىن قاتتىق يەنە بەزىدە بولسا پاختىدىن يۇمشاق. سۇلتان ئابدۇرېشتخانمۇ ئەسلىدىنلا ئۇلۇغبېگكە ئوخشاشلا ئىلىم خۇمار ئادەم. ئەمما بۇ سۆيۈش ھۆكۈمراننىڭ تۆپكى ئالاھىدىلىكى ئەمەس. ئۇنىڭدا سەئىدخانغا ئوخشاش مۇستەھكەم جاسارەت ۋە ئالدىن كۆرەر پاراسەت بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن، خانلىقنىمۇ قوغدىيالماي قالغان.

تۈرك دۇنياسىنىڭ مۇنەۋۋەر ئوغلى مۇستاپا كامال

ئۇ پەقەت تۈرك مىللەتلىرىنىڭلا قەھرىمانى. چۈنكى بۇ ئەزىمەت ئۆز مىللىتىنىڭ جانىجان مەنپەئەتىنى يوقىتىشقا ئاتلانغان بارلىق دۈشمەنلىرىگە قارشى ئۇرۇش قىلالىغان. ھەتتاكى، تۈركلەرگە قارشى غازات تۇۋلاپ جەڭگاھقا چۈشكەن دىنداشلىرىنىمۇ ئاياپ ئولتۇرمىغان. ئەسلىدىكى خەلىپىلىك تۈزۈلمىگە مىللەتچىلىك بايرىقىنى كۆتۈرۈپ قارشى چىققان ئەرەب ئۆكتىچىلىرى ياۋروپا خرىستىئانلىرىنى ئۆزلىرىگە تېرەك قىلغان بولسا، مۇستاپا كامال تۈرك مىللىتىنىڭ ھاياتلىقى ئۈچۈن ياۋروپانىڭ بىرلەشمە ئارمىيىسى بىلەن كۆرەش قىلدى. ئۇرۇشتىن كېيىن ئىسلام دۇنياسىدىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر غەربنىڭ ھەربىي قوغدىنىش كۆنلۈكىگە مۇراجىئەت قىلغان بولسا، مۇستاپا كامال دۆلەت مەنپەئەتىنى قولىدا تۇتۇپ، ياۋروپانىڭ ئىلغار قانۇن-تۈزۈلمىلىرىدىن پايدىلىنىشنى يولغا قويدى. بىرى شەكلى ئۆزگەرگەن مۇستەملىكىگە چۈشۈشنى خالىدى. يەنە بىرى بولسا مەڭگۈ مۇنقەرز بولمايدىغان تۈرك دۇنياسىغا ئاشقۇن ئىسلاھات تەدبىرلىرىنىلا ئېلىپ كەلدى، خالاس.

ئۇلۇغ تۈرك ئالىمىمىز مەھمۇد كاشغەرى ئۆزىنىڭ بىباھا كىتابىنى ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن تۈرك ئىسلام مەدەنىيىتىنى بىر قاتارغا چىقىرىش مەقسىتىدە يېزىپ چىققان. ماھىيەتتىن ئېيتقاندا بۇ ئىسلام ئورتاقلىقىغا نىسبەتەن ئېنىقلا رەت قىلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتمىسىمۇ، ئەمما يەنىلا مىللىي مۇھەببەتنىڭ ئۆرنىكى بولالايدۇ.

ناپولېئون مىسىرغا كىرىشتە مۇسۇلمان بولۇشتەك ئاقىلانىلىقنى تاللىۋالدى. ناپولېئون ئوتتۇرا شەرققە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندە ئىستېلاچىلىق قەدىمىنىڭ ئاسان ھەم تېز بولىشى ئۈچۈن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنى جاكارلاپ سەللە يۆگەپ، مەسچىتتىن چىقماي ئىبادەت قىلاتتى. ئۇ بەلكىم بۇنى ئۇرۇش زۆرۈرىيىتى ئۈچۈن قىلغان بولۇشى مۇقەررەر. ئەمما، ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى ياۋروپا قەھرىمانلىرىنىڭ گۈلتاجىلىق ئورنىغا قىلچىلىك دەخلى قىلمىغان. جېففىرسونمۇ ئامېرىكا جەمئىيىتىنى دىنسىزلاشتۇرۇشتەك بىر قىسما تەكلىپ بېرىپ قويغانلىقى سەۋەبىدىن، مەشھۇر ئەلباشلار قاتارىدىن چۈشۈپ قالغىنى يوق.

قەھرىمان ناھايىتى ئاز ساندىكىلەرلا چۈشىنىدىغان قەلب ئازابلىرىنى ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇش بىلەن ئارام تاپىدۇ. ئۇ خاتالىقلاردىن خالىي بولالمايدۇ. پەقەت ھاياتىي دۇنيادا مەسئۇلىيەتتىن قېچىپ ياشايدىغان نامەرد ئادەملەرلا خاتالىشىش تەقدىرىگە ئۇچرىمايدۇ.

## لىنكولن

لىنكولن ئامېرىكا ئىچكى ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئۇرۇشۇۋاتقان ئىككىلا تەرەپنى ۋەتەنپەرۋەرلەر دەپ باھالىغان ئىدى. چۈنكى ئىككى تەرەپ ئۆز تەشەببۇسلىرىنىڭ ئامېرىكا جەمئىيىتىنى بەختكە ئېرىشتۈرىدىغانلىقىغا ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈنلا ئۇرۇش قىلغان. مانا بۇ يەلكىسىگە ۋەتەن مەسئۇلىيىتىنى يۈكلىيەلەيدىغان باھادىرلارغا بېرىلگەن ھەققانىي باھا.

## نېتزى ۋە شوپېنخوئېر

نېمىس پەلسەپىسىنى مۇتەپەككۇرلىرىمىز دۇنيا پەلسەپە مۇنبىرىنىڭ چوققىسى دەپ باھالايدۇ. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مۇشۇ پەلسەپىگە ئىگە بولغان بەختلىك نېمىسلار يەھۇدىيلارغا قارشى

قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپ، ئۆزىنى ئالىي ئىرق ساناپ، پەس ئىرقلارنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشقا ئاتلانغان ئىدى. تارىختىكى بۇ ئىشلارنى بىر ئادەمگىلا يۈكلەپ قويۇش ئادالەت بولمىسا كېرەك.

## نېمىس پەلسەپىسىنىڭ ئىجراچىسى گېتلېر

ئەمما بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، گېرمانىيىلىك بىرانت ۋە مېچىل بارلىق نېمىسلارغا ۋاكالىتەن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان يەھۇدىيلار قەبرىستانلىقىدا يۈكۈندى ۋە ئۆزلىرىنىڭ قىلغانلىرىنى جىنايەت دەپ ئېتىراپ قىلدى. ئەمما ياپونلار تا بۈگۈنگە قەدەر ئۆزلىرىنىڭ تارىختا قىلغان جىنايەتلىرىگە تۆۋە قىلغىنى يوق. ھەممىمىز بىلىمىز، ياپون مىللىتى بىلەن نېمىس مىللىتىنىڭ پەلسەپە بايلىقىنى سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. ئەمما نېمىشقا پەلسەپە مىللىتى سانالغان نېمىسلار ئەللىك يىلدىن كېيىنلا ئۆزلىرىنىڭ قىلغانلىرىغا تۆۋە قىلىدۇ؟! ياپون مىللىتى بولسا ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى كۆز قارىشىنى ھازىرغا قەدەر ئۆزگەرتمەيدۇ؟! پەلسەپىگە تويۇنغان مىللەت بىر قانچە يۈز يىللىق كەلگۈسىنى ئالدىن بىلەلەيتتىغۇ؟! مانا بۇ بىز غايىۋىلاشتۇرۇۋالغان پەلسەپىنىڭ بىچارە ھالى. شۇنداقلا قەھرىمانىسىز قالغان كونا جەڭ ھارۋىسى! بىز ئۈچۈن پايدىلىنىشقا بولىدىغان مۇھىم تەرىپى بۇ ئىككى مىللەت ئوخشىمىغان يولدا كېتىۋاتسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ پوزىتسىيىسىدىكى بىرىنىڭ ئۆزگەرمەس ئوخشاشلىقى يەنە بىرىنىڭ بولسا ماسلىششچانلىقى.

تارىختىكى ياپونلار يولباشچىلىرىغا قانداق ئەگەشكەن بولسا، بۈگۈنكى ياپونلارنىڭمۇ يەنىلا گۇمانلانماي ئەگىشىۋاتقانلىقى، نېمىسلارمۇ ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ تۈپۈۋقسىز ئۆزگەرگەن ئىدىيىسىنى ۋە يېڭى چاقىرىقىنى ئەينى ۋاقىتتىكى گېتلېر گېرمانىيىسىنى قوللىغاندەكلا قوللاۋاتقانلىقىدۇر. مانا بۇ ۋەتەن ـ مىللەت مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان مۇنەۋۋەر خەلقنىڭ پوزىتسىيىسى. دېمەك، قەھرىمان بىر مىللەتنىڭ ئۈيۈشۈش نۇقتىسى. بۇ نۇقتا پەرىشتىنى ئەمەس، ئادەمنى مەركەز قىلغاچقا، كەمچىلىكتىن خالىي بولالمايدۇ. خەلق پەقەت ماھىيەتتىكى ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنىڭ ۋەكىلى بولغان قەھرىمانىغا كەڭ قورساقلارچە مۇئامىلە قىلالىغاندىلا، ئاندىن پۈتۈن خەلق ئىتتىپاقلىشىدىغان مەركىزىي نۇقتىغا ئېرىشەلەيدۇ. بۇ ئىتتىپاقلىق بۇ خەلقنى تاغدەك ئېغىر كۈن، قىيامەتنىڭ دەھشىتىدەك تەقدىردىنمۇ قۇتقۇزۇپ چىقالايدۇ....

ۋاقت نۇرغۇن رىۋايەت ـ ئەپسانىلەرنى يوقاتقان بولسىمۇ، قەھرىمانلار توغرىسىدىكى ئەپسانە ـ بايانلار ئەسىرلەر بويى يوقالماي ئېيتىلىپ ـ يادلىنىپ كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ غايىسى، ئېتىقادى ھەر قېتىملىق تاڭ قۇياشى ۋە يېڭىدىن تەۋەللۇت بولغان بوۋاق ھەم يېڭىدىن كۆكلىگەن گىياھ بىلەن قايتا ـ قايتا تۇغۇلۇپ تۇرىدۇ........

قەھرىمانلارنىڭ مەقسەت ـ نىشانى ئوخشاش بولسىمۇ، ئۆز پائالىيىتىنىڭ مۇساپە پەرقى تۈپەيلىدىن، تارىخنىڭ ۋە كېيىنكىلەرنىڭ ئوخشىمايدىغان باھالىرىغا نائىل بولىدۇ. بىراق كېرەك يوق، ئۇلار باشقىلارنىڭ باھاسى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى قەلبىنىڭ ئارامى ئۈچۈن ياشايدىغانلار ۋە شۇ چاقىرىق ئۈچۈنلا كۆرەش قىلىدىغانلار. تارىخ ئۆز غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان نۇرغۇن ئاشكارا قەھرىمانلارنى روياپقا چىقاردى،

ئۇلار ئۆزىنىڭ ياراتقان تۆھپىسى ۋە بېسىپ ئۆتكەن شانلىق ھايات مۇساپىسىنىڭ بەدىلىگە كېيىنكىلەر تەرىپىدىن تولۇق مۇكاپاتلاندى ۋە مەدھىيىلەر ئوقۇلدى. بىراق يەنە نۇرغۇن نامسىز، ئىزسىز ئۆلۈپ كەتكەن قەھرىمانلار ئۆزىنىڭ شەرەپلىك ئۆمۈر خاتىرىسىنى پەقەت ئۆزى بىلەنلا ئېلىپ كەتكەن بولىدۇ. بۇنداق قەھرىمانىنىڭ ھەيۋەتلىك مەقبەرىلىرى ۋە ياكى ھەيكەللىرى بولمايدۇ. بۇ زامانىنىڭ باشقىلاردىن پەرقلىق ھالدا ئۇلارغا قىلغان يەنە بىر ئۆزگىچە ئىلتىپاتى. ئۇلار بىر بولسا نام ـ نىشانسىز ئۆلۈپ كېتىدۇ ياكى ئۆلتۈرۈلىدۇ.

ئۇلارنىڭ ئۆلۈمىگە پەقەت ئۇنى ئاتقان جاللات ياكى ئۇ سېسىپ ئۆلۈپ كەتكەن قاراڭغۇ كامېر ۋە ياكى ئۇ جەڭ قىلىپ يىقىلغان ئېدىر ـ سايلىقلار شاھىت بولۇپ قالىدۇ.

يەنە بەزىلەر ئۆزىنىڭ غايىسىنى قەلبىگە يوشۇرغان پېتى جاھاندىن ئارمان بىلەن كېتىدۇ. زامانىنىڭ ئىمكانىيىتى ئۇلارغا نېسىپ بولمايدۇ. ئۆز ئەجرىگە يارىشا، نەتىجىگە ئېرىشەلمەسلىك ئۇلارنى ئۆكۈندۈرسىمۇ، بىراق ئۆز ئېتىقادى ۋە غايىسى يولىدا بوشاشماي ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئۇلارنىڭ مەڭگۈلۈك ئارزۇسىدۇر.

زۇلمەت كېچىلەردە پەقەت ھۇقۇشلا تۈننى قوغلاپ مەغرۇر سايرىيالايدۇ. ئۇ براۋلارنىڭ ئالقىشىغا ياكى تۆھپە يېزىشىغا موھتاج ئەمەس. ئۇ پەقەتلا زۇلمەت كېچىنى قوغلاپ بولۇپ نەلەرگىدۇ كېتىدۇ ۋە ئۆمۈر بويى ھېچكىمنىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بولماي ئۈن ـ تىنسىز ئۆلۈپ كېتىدۇ...

ئەمما ئاستا ـ ئاستا يورۇۋاتقان تاڭنى كۆرۈۋالغان «قىپقىزىل» تاجلىق چىرايلىققىنە خوراز پۈرسەتنى چىڭ تۇتۇپ «تاڭ ئاتتى» دەپ سايرايدۇ. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئاۋام تەرىپىدىن «تاڭ ئەلچىسى» دەپ ئالقىشلىنىدۇ.

نامسىز قەھرىمانلار قەبرىسىنى كېيىنكىلەرنىڭ زىيارەت قىلىپ يوقلىشىنى كۈتمەيدۇ. ئۇلار كەڭ دالىنىڭ قايسىدۇر بىر يېرىدە ياكى بىرەر ئېگىز تاغنىڭ باغرىدا ۋەياكى بىرەر تۈپ قارىغاينىڭ سايىسىدە، مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن بولىدۇ. ئۇنىڭ غېرىب قەبرىسىنى قەھرىتان قىشنىڭ جەسۇر شۇۋرغانلىرى، تومۇز ئاپتىپىنىڭ مۇھەببەتلىك تەپتى، چىرايلىق كۆزنىڭ تولغان ياپراقلىرى، ئۈمىدلىك باھارنىڭ ئەگىز سۇلىرى يوقلاپ تۇرىدۇ. ئۇلاردىن كېيىنكىلەر ئۆچۈن ئەپسانە-رىۋايەتلەر نام-نىشانە بولۇپ قالىدۇ. ئوغۇل-قىز ئەۋلادلىرى ئۈچۈن مىراس سۈپىتىدە باتۇرلۇق شەجەرىلىرى ۋە داستانلار قالىدۇ. بۇ داستانلار خۇددى ئۆزۈلمەس ئېقىنغا ئوخشاش ئالدىنقى ئەجدادنىڭ ھايات كەچمىشلىرىدىن كېيىنكى ئەۋلادنىڭ چۈشلىرىگىچە ئېقىپ كېلىۋېرىدۇ... قەھرىمان شۇنداق دۇنياغا كېلىدۇ!



# تەۋەلىك تۇيغۇسى نېمە ئۈچۈن مۇھىم؟

چېيسى بروۋېر

# تەۋەلىك تۇيغۇسى نېمە ئۈچۈن بۇنچە مۇھىم؟

چېيسى بروۋېر

خىتاي ۋىرۇسى ۋابـاسى روھىي ساغلاملىقىمىزغا ئېغىر دەرىجىدە سەلبىي تەسىر كۆرسەتتى. بىزنى بىئارام قىلىۋاتقان ئاساسلىق ئامىللاردىن بىرى شۇكى، بىز (بۇ ۋابا سەۋەبلىك ئىلگىرىكىدەك بـاردى - كەلدى قىلالمايۋاتقان) يېقىنلىرىمىزنى تولىمۇ سېغىندۇق، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمىزغا، دوستلىرىمىزغا ۋە خىزمەتداشلىرىمىزغا تەشنا بولدۇق. تۇغما تەبىئىتىمىزدىلا باشقىلار بىلەن باردى - كەلدى قىلىپ تۇرۇشقا مايىل بولغان بىزلەر ئىجتىمائىي ئارىلىقنى ساقلاش (بىر - بىرىمىزگە يېقىن كەلمەسلىك، قول ئېلىشىپ كۆرۈشمەسلىك، ھەتتا مەسچىتتىمۇ ئارىلىق قالدۇرۇپ ناماز ئوقۇش، ت) زۆرۈرىيىتى ھەمدە خىزمەت ئورنىدىن ۋە باشقا ھەممە جايلاردىن يىراق تۇرۇۋاتقانلىقىمىزدەك رېئاللىق تۈپەيلى، (خىتاي ۋىرۇسى پەيدا بولغان) بۇنچە ئۇزۇن ۋاقىتتىن بۇيان، بۇ جەھەتتە قىينىلىپ كەلدۇق.

بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ تەۋەلىك تۇيغۇسىغا بولغان ئېھتىياجىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. ھالبۇكى، سىز تەۋەلىك تۇيغۇسىنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىنى يەنىلا تولۇق تونۇپ يەتمىگەن بولۇشىڭىز مۇمكىن. ئۇنى چۈشىنىش بىزنىڭ ھېسسىي ساغلاملىقىمىزغا، شۇنداقلا كەلگۈسىمىزنى تېخىمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈشىمىزگە پايدىلىق.

تۆۋەندە بىز تەۋەلىك تۇيغۇسىنى تونۇش ۋە شەكىللەندۈرۈش ئۇسۇللىرى توغرىسىدا توختىلىمىز.

### ئىشتىراك ۋە ئىجتىمائىي ئورتاقلىق

شۇنىسى ئېنىقكى، تەۋەلىك تۇيغۇسى مەلۇم بىر گۇرۇپپا ياكى جامائەتكە باغلانغانلىق تۇيغۇسى، يەنى سىزنىڭ ئۆزىڭىزنى مەلۇم بىر شەيئىنىڭ بىر قىسمى دەپ ھېس قىلىشىڭىزدۇر. سىز ئۆزىڭىزنى (ئۆزىڭىز تەۋە) شۇ تـوپـتىكىلەرگە باغلانغان، يېقىن ۋە شۇلار تەرىپىدىن تولۇق قوبۇل قىلىنغاندەك ھېس قىلىسىز. ئەمما، تەۋەلىك تۇيغۇسى نوقۇل ھالدا مەلۇم بىر گۇرۇپپىنىڭ ئەزاسى بولۇشلا ئەمەس. تەۋەلىك تۇيغۇسى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە «ئىجتىمائىي ئورتاقلىق»تىن ئىبارەت بىر يۈرۈش ئورتاق ئېتىقاد ياكى غايە بىلەنمۇ زىچ

مۇناسىۋەتلىك. سىز تەۋەلىك تۇيغۇسىنى ھەقىقىي تۈردە ھېس قىلىش ئۈچۈن، چوقۇم (ئۆزىڭىز تەۋە) كوللېكتىپ ئەزالىرى بىلەن بولغان بىردەكلىك ۋە ئورتاق خۇسۇسىيەتنى ھېس قىلىشىڭىز كېرەك.

جوناسان ھايت (Jonathan Haidt) ئۆزىنىڭ «بەخت توغرىسىدىكى قىياس» ناملىق كىتابىدا بۇنى «ھالقىلىق ئىشتىراك» دەپ ئاتىغان. بۇ بىر خىل مۇناسىۋەت تۈرى ۋە جامائەتچىلىك تۇيغۇسى بولۇپ، سىز ئۆزىڭىزنى (ئۆزىڭىز تەۋە شۇ گۇرۇپپىدىكى) پائالىيەتلەرگە، ئادەتلەرگە ۋە شۇ گۇرۇپپىنىڭ ئۆزىگە باغلانغاندەك ھېس قىلىسىز. مەن زىيارەت قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن «نېرۋا رەھبەرشۇناسلىقى ئىنستىتۇتى»نىڭ (Neuroleadership ــــ نېرۋا رەھبەرشۇناسلىقى: نېرۋا ئىلمىدىكى بايقاشلارنى رەھبەرشۇناسلىق ساھەسىگە تەدبىقلاشنى كۆرسىتىدۇ، ۋىكىپېدىيا) ئالىي مەسلىھەتچىسى جېنىن ستېۋارت (Jeanine Stewart) شۇنداق دېدى: بىز مەلۇم بىر گۇرۇپپىغا قارىتا ئىجتىمائىي ئورتاقلىق تۇيغۇسىغا ئىگە بولغاندا، ئالغا ئىگىرلەپ، ئارتۇقچىلىقىمىزنى جارى قىلدۇرالايمىز ۋە ھەقىقىي ئۆزىمىز بولالايمىز. باشقا كىشىلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىۋېلىشلا تەۋەلىك تۇيغۇسى شەكىللەندۈرەلمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، تەۋەلىك تۇيغۇسى ئاشۇ گۇرۇپپىنىڭ ئەزاسلىق سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىنىش ۋە شۇنىڭدىن مەنبەلەنگەن تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك ئۆزئارا تەسىرلىنىش بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. دەل ئاشۇ خىل ئۆزۈن مۇددەتلىك ئۆزئارا تەسىرلىنىش بىزنىڭ تولۇق ۋە ھەقىقىي ئادەم بولۇشىمىزنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ». بۇلارنىڭ ھەممىسى قانائەت تۇيغۇسى شەكىللەندۈرۈش ۋە پۈتكۈل تەشكىلاتنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم.

«ئامېرىكا پەنلەر كۇتۇپخانىسى ئۇنىۋېرسال ژۇرنىلى»دا (PlosOne) ئېلان قىلىنغان بىر تەتقىقاتتىكى بايقاشقا كۆرە، تەۋەلىك تۇيغۇسى نوقۇل ھالدىكى دوست تېپىشلا بولماستىن، «گۇرۇپپا ئەزالىقى»دىن ئىبارەت سالاھىيەتمۇ ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، ئۇ كىشىنىڭ ئۆزىنى قەدىرلىشىگە تۆرتكە بولىدۇ. بىر تالاي دوست تېپىش كىشىنىڭ ئۆزىنى قەدىرلىشىگە تۆرتكە بولالىشى ناتايىن بولسىمۇ، ئەمما بىر قانچىلىق گۇرۇپپىلارغا (ھەقىقىي رەۋىشتە) تەۋە بولۇش شۇنداق قىلالايدۇ (يەنى كىشىنى ئۆزىنى قەدىرلەيدىغان قىلالايدۇ). داڭلىق تەتقىقاتچى جولاندا جېتېن (Jolanda Jetten) مۇنداق دېدى: «گۇرۇپپىلار ئادەتتە مول قىممەت قاراشقا ۋە ئېتىقاد سىستېمىسىغا ئىگە. شۇڭا بىز مۇئەييەن گۇرۇپپىلار بىلەن ئورتاقلىق ھاسىل قىلغاندا، بۇلار بىزنى دۇنياغا نەزەر سالىدىغان كۆزنەك بىلەن تەمىنلەيدۇ». خىزمەتنىڭ تەۋەلىك تۇيغۇسىنىڭ كۈچلۈك مەنبەلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى شۇكى، بىز ئادەتتە ئۆز كوللېكتىپىمىز (يەنى خىزمەت ئورنىمىز) بىلەن ئوخشاش كىملىك ۋە نىشانغا ئىگىدۇرمىز.

## تۈپ ئېھتىياج

تەۋەلىك تۇيغۇسى ئىنسانىيلىقنىڭ ئاساسىي تەركىبىي قىسىملىرىدىن بىرىدۇر. بىز كىشىلەرگە موھتاج، يەنە كېلىپ بۇ خىل موھتاجلىق مېڭىمىزگە ئورناپ كەتكەن. «ماسساچۇسېتس سانائەت پەنلىرى ئىنستىتۇتى»نىڭ (MIT) يېقىنقى بىر تەتقىقاتىدا بايقىلىشىچە، بىز چوڭ مېڭىمىزنىڭ يېمەكلىككە ئىنتىلىدىغان رايونىدا ئۆزئارا تەسىرلىشىشكىمۇ ئىنتىلىدىكەنمىز. يەنە بىر تەتقىقاتتا كۆرسىتىلىشىچە، چوڭ مېڭىنىڭ جىسمانىي ئازابنى ھېس قىلىدىغان رايونى بىلەن جەمئىيەت تەرىپىدىن چەتكە قېقىلىشنى ھېس قىلىدىغان رايونى ئوخشاش ئىكەن. «برىتانىيە كولۇمبىيەسى ئۇنىۋېرسىتېتى»نىڭ (University of British Columbia) تەتقىقاتىدا شۇ نەرسە بايقالدىكى، بىز خىزمەت جەريانىدا چەتكە قېقىلغاندا، بۇ خىزمەتتىكى نارازىلىق ۋە ساغلاملىق مەسىلىلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىكەن. يەنە شۇنىڭدەك، مىشىگان ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر تەتقىقاتىدا بايقىلىشىچە، كىشىلەردە تەۋەلىك تۇيغۇسى كەمچىل بولغاندا، بۇ چۈشكۈنلۈكنىڭ كۈچلۈك بېشارەتچىسى بولۇپ قالىدىكەن. ئەمەلىيەتتە، ئۇ يالغۇزلۇق ياكى ئىجتىمائىي قوللاشنىڭ يېتەرسىزلىكىدىنمۇ بەكرەك كۈچلۈك بېشارەتچى ئىكەن.

بۇ جەھەتتە ھايۋانلارنىڭ مىسالىغا قاراپ بېقىشمۇ ئەقىلگە مۇۋاپىق. «فلورىدا ئاتلانتىك ئوكيان ئۇنىۋېرسىتېتى»نىڭ ئاق كىت توغرىسىدىكى تەتقىقاتىدا بايقىلىشىچە، مەزكۇر كىتلار يېقىن تۇغقانلىرى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى يەنە يىراق تۇغقانلىرى ۋە مۇناسىۋەتسىز كىتلار بىلەنمۇ مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئورناتقان. بۇ خىل ھادىسە ئىنسانلارنىڭ قىلمىشلىرىدا، جۈملىدىن، يېقىن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمىز ۋە دوستلىرىمىز بىلەن، شۇنداقلا تېخىمۇ يىراق كىشىلەر بىلەن بولغان ئالاقىمىزدىمۇ ئەكس ئېتىدۇ.

## تەۋەلىك تۇيغۇسىنىڭ ئادەت ۋە ئىپادىگە بولغان تەسىرى

ئىنسانلارنىڭ ئالاقىگە بولغان ئىنتىلىشى ئۆز نۆۋىتىدە ھەرىكەتكىمۇ تۈرتكە بولىدۇ. ئەقلىيفونلارنىڭ لايىھەلىنىشى ۋە ئۇنىڭغا باغلىنىپ (خۇمار بولۇپ) قېلىش بۇنىڭ جانلىق مىسالىدۇر: «پسىخولوگىيە پاسىللىرى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان تەتقىقاتتا بايقىلىشىچە، ئەقلىيفون ئۇللۇق ئالاقە ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان بولغاچقا، كىشىلەرنى ئۆزىگە رام قىلىۋالىدىكەن. مەزكۇر تەتقىقاتقا كۆرە، ئىنسانلار باشقىلارنى كۆزىتىشكە (يەنى كۆرۈشكە، ئاڭلاشقا ۋە ئويلاشقا)، شۇنداقلا باشقىلار تەرىپىدىن نازارەت قىلىنىشقا (يەنى كۆرۈلۈشكە، ئاڭلىنىشقا ۋە ئويلىنىشقا) ئىنتايىن ھېرىسمەن ئىكەن. ئەقلىيفون دەل

ئىنسانلارنىڭ مۇشۇ خىل ئىجتىمائىي ئېھتىياجىنى قاندۇرغاچقا، كىشىلەر ئۇنى قولدىن چۈشۈرەلمەيدىكەن. خىزمەت كوللېكتىپىغا مۇناسىۋەتلىك مۇستەقىل تەتقىقاتتا بايقىلىشىچە، كىشىلەر خىزمەتداشلىرى بىلەن يۇقىرى دەرىجىدە ئۆيۈشۈشچانلىقنى ھېس قىلغاندا، خىزمەتتىكى ئىپادىسى تېخىمۇ ياخشى بولىدىكەن، ھەمدە كوللېكتىپ تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىش ئىستىكى پۇلدىنمۇ كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئىكەن. ئېنىقكى، كىشىلەر مەلۇم بىر گۇرۇپپا بىلەن ئورتاقلىق ھاسىل قىلىپ، بىر جامائەتنىڭ مۇھىم ئەزاسى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىشقا موھتاج.

### تەۋەلىك تۇيغۇسى شەكىللەندۈرۈش

تەۋەلىك تۇيغۇسى بۇ قەدەر مۇھىم بولغانلىقى، شۇنداقلا خىتاي ۋىرۇسى ۋاباسى تەۋەلىك تۇيغۇسىغا بولغان ئېھتىياجنى كۈچەيتىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، بىز چوقۇم ئاڭلىق ھالدا باشقىلار بىلەن ئارىمىزدا ئۇنى شەكىللەندۈرۈشكە كۈچىشىمىز كېرەك. بۇنى تۆۋەندىكىدەك رېئال ئۇسۇللار ئارقىلىق روياپقا چىقارغىلى بولىدۇ:

### كوللېكتىپنىڭ قوينىغا كىرىڭ

شەخسلەر بىلەن دوستلۇق ئورنىتىڭ، ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆزىڭىز ئورتاق بۇرچ ۋە ئىتتىپاقلىق تۇيغۇسىنى ھېس قىلالايدىغان شەخسىي ياكى كەسپىي گۇرۇپپىلارغا قاتنىشىشنى ئويلىشىپ كۆرۈڭ. خىزمەتداشلىرىڭىز بىلەن ئورتاق بولغان كىملىكىڭىزنى ئېسىڭىزگە سېلىپ تۇرۇڭ ھەمدە خىزمەتداشلىرىڭىز بىلەن باشقا گۇرۇپپىلارغا كىرىش ياكى قۇرۇش توغرىسىدا ئويلىنىڭ. مەسىلەن، شىركىتىڭىزدىكى يۈگۈرۈش كۇلۇبىغا ئەزا بولۇڭ ياكى تەشكىلاتىڭىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان باشقا كىشىلەر بىلەن ئوقۇرمەنلەر گۇرۇپپىسى قۇرۇڭ. مەلۇم نەرسىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىش، شۇنداقلا سىزنىڭ نىشانىڭىز بىلەن كوللېكتىپنىڭ نىشانى ئوتتۇرىسىدىكى سىجىللىق ۋە ئۆيۈشۈشچانلىق سىزگە تېخىمۇ كۈچلۈك تەۋەلىك تۇيغۇسى ئاتا قىلىدۇ.

### سەممىي بولۇڭ

بەزى مۇتەخەسسىسلەرگە كۆرە، سىز سەممىي، ئوچۇق بولغاندا ۋە (باشقىلار تەرىپىدىن) ئىقتىدارلىق دەپ قارالغاندا، ئاندىن ئىشەنچ بارلىققا كېلىدۇ. سىز ئوچۇق ـ يورۇق بولۇپ، باشقىلارغا

ھېسداشلىق قىلىسىز، تەۋەلىك تۇيغۇسى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلىيالايسىز. تەتقىقاتچى جون كاچىئوپپو (John Cacioppo) يەنە كىشىلەر باشقىلار بىلەن تېخىمۇ ئۇنۇملۇك ئالاقە قىلغاندا، غېرىبلىق تۇيغۇسىنىڭ پەسىيىپ، تەۋەلىك تۇيغۇسىغا يول ئاچىدىغانلىقىنى بايقىغان.

## ئۇچۇر قوبۇل قىلىش

كىشىلەردە تەۋەلىك تۇيغۇسى كەمچىل بولغاندا، ئۇلار ئۆزىنى تەھدىتكە ئۇچراۋاتقاندەك ياكى يالغۇز قالغاندەك ھېس قىلىپ، نەتىجىدە ئۆزىنى چەتكە تارتىشى ياكى بېكىنىۋېلىشى مۇمكىن. يەنە بىر تەرەپتىن، ستېۋارت مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «ئۆزىمىزنى راھەت ھېس قىلغىنىمىزدا، بىز پىسخىكا جەھەتتە باشقىلار بىلەن ئالاقە قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ھالىتىدە تۇرىۋاتقان بولىمىز». خىزمەتداشلار سوئال سوراش، قۇلاق سېلىش ۋە زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈش ئارقىلىق ئەتراپىدىكى كىشىلەرنى ئېتىراپ قىلغانلىقىنى ئىپادىلىيەلەيدۇ ھەمدە ئۇلارغا خاتىرجەملىك بېغىشلىيالايدۇ. ستېۋارتقا كۆرە، يىغىننىڭ باشلانغان ۋاقتى بۇ جەھەتتە ياخشى پۇرسەت بولۇشى مۇمكىن. «ئەگەر سىز بىر يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان بولسىڭىز، بىر ئاز ۋاقىت سەرپ قىلىپ كىشىلەردىن ئەھۋال سوراڭ، ئاندىن ئۇلارنىڭ سۆزىگە ھەقىقىي رەۋىشتە قۇلاق سېلىڭ. ئاڭلاش — دەرىجىدىن تاشقىرى يېڭى قورالدۇر. ئەگەر بىز ئىلگىرىكىدەك جىسمانىي يېقىنلىق ئارقىلىق تەۋەلىك تۇيغۇسى شەكىللەندۈرەلمىسەك، ئۇ چاغدا (باشقىلارنىڭ سۆزلىرىگە، دەرتلىرىگە) زېھنىمىزنى مەركەزلەشتۈرۈپ، قۇلاق سېلىش ئارقىلىق تەۋەلىك تۇيغۇسى شەكىللەندۈرۈش توغرىسىدا كاللا قاتۇرساق بولىدۇ ھەم چوقۇم شۇنداق قىلىشىمىز كېرەك» دەيدۇ ئۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، تەۋەلىك تۇيغۇسى شەخسنىڭ جىسمانىي، روھىي ۋە ھېسسىي ساغلاملىقى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم، شۇنداقلا جەمئىيىتىمىزنىڭ ساغلاملىقى ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن مۇھىمدۇر.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.forbes.com/sites/tracybrower/2021/01/10/missing_your_people_why_belonging_is_so_important_and_how_to_create_it/?sh=4e256abd7c43



# خىتاي ئافغانىستاندا ئالتۇن پۇرسەت كۆزلىمەكتە

جوۋ بو

# ختاي ئافغانىستاندىكى ئالتۇندەك پۇرسەتنى تۇتۇشقا تەييارلىنىپ بولدى

جوۋ بو

تالىباننىڭ ئافغانىستاننى قولغا كىرگۈزۈش سۈرئىتى ۋە ئىقتىدارى غەربنى مەسلىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكى ۋە نەچچە مىليارد دوللار خەجلەنگەن يىگىرمە يىللىق ئۇرۇشتىن كېيىن، ئىشلارنىڭ نېمىشقا بۇ قەدەر شەرمەندىلەرچە ئاخىرلاشقانلىقى ھەققىدە ئويلىنىشقا ئۈندىدى. ئەمما ختاي كېلەچەك ھەققىدە كاللا قاتۇرماقتا. ئۇ ئامېرىكانىڭ چېكىنىشىدىن شەكىللەنگەن بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئارقىلىق، ئالتۇندەك بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇشقا تەييار.

گەرچە ختاي ھۆكۈمىتى تالىباننى ئافغانىستاننىڭ يېڭى ھۆكۈمىتى دەپ رەسمىي ئېتىراپ قىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما ختاي ئالدىنقى دۈشەنبە كۈنى (يەنى تالىبان كابۇلنى قولغا كىرگۈزگەن كۈننىڭ ئەتىسى، 8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى) باياناتت ئېلان قىلىپ، «ئافغانىستان خەلقىنىڭ ئارزۇسى ۋە تاللىشىغا ھۆرمەت قىلىمىز»، شۇنداقلا «ئافغانىستان بىلەن دوستانە قوشنىدارچىلىق ۋە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرىمىز» دېدى.

ختاينىڭ ئۇچۇرى ناھايىتى ئېنىق ئىدى: بېيجىڭ دائىرىلىرى تالىبان بىلەن تېخىمۇ قويۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىشتىن ئەنسىرىمەيدۇ، شۇنداقلا ئۇ ئامېرىكا تەرىپىدىن ئاساسەن تاشلىۋېتىلگەن ئافغانىستاندىكى تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك تاشقى ئىشتىراكچى ئايلىنىشقا تەييار.

ئامېرىكاغا ئوخشىمايدىغىنى، ختاينىڭ ئافغانىستان مەسلىسىدە ھېچقانداق بېسىمى يوق. ئامېرىكا ئافغانىستانغا تاجاۋۇز قىلغاندىن كېيىن، ختاي ئافغانىستان مەسلىسىدە ئىزچىل ئۆزىنى كۆرسەتمەي كەلدى، ھەر قانداق بىر زوراۋانلىق سىياسىيسىدا ئامېرىكانىڭ قولچوماقچىسى بولۇشنىمۇ خالىمىدى. بېيجىڭ ۋاشىڭتوننىڭ ئافغانىستان ئىشلىرىغا ئارىلىششىنىڭ ئۇنى قالايمىقانچىلىق ۋە تەننەرخى يۇقىرى جەڭگە سۆرەپ كىرگەنلىكىگە شاھىت بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ختاي ئافغانىستانغا نەچچە مىليون دوللارلىق داۋالاش ياردىمى بېرىپ، ئۇلارنىڭ دوختۇرخانا ۋە قۇياش ئېنېرگىيىسى ئىستانسىسى قۇرۇشغا

ياردەملەشتى ھەمدە ئىككى تەرەپنىڭ سودا مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىپ، ئاخىردا ئافغانىستاننىڭ ئەڭ چوڭ تىجارەت شېرىكلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندى.

ئامېرىكا چېكىنگەندىن كېيىن، بېيجىڭ كابۇل ھۆكۈمىتىنى ئۇلار ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان نەرسە بىلەن، يەنى سىياسىي بىتەرەپلىك ۋە ئىقتىسادىي مەبلەغ بىلەن تەمىنلىيەلەيتتى. شۇنداقلا، ئافغانىستاندىمۇ ئۇل مۇئەسسەسە ۋە سانائەت قۇرۇلۇشى — خىتاينىڭ بۇ ساھەدىكى ئىقتىدارى تەڭداشسىز دېيىشكە بولىدۇ — پۇرسىتىدىن ئىبارەت خىتاي ئەڭ مۇھىم بىلىدىغان نەرسىلەرگە؛ شۇنداقلا لىتىي، تۆمۈر، كوبالت ۋە باشقا مۇھىم سانائەت مېتاللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، بىر تىرىلىيون دوللار قىممىتىدىكى قېزىلمىغان كان بايلىقلىرىغا ئېرىشىش پۇرسىتى بار ئىدى. گەرچە تەنقىدچىلەر ئافغانىستانغا مەبلەغ سېلىش خىتاينىڭ ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم نۇقتىسى ئەمەس دېيىشكەن بولسىمۇ، ئەمما مەن بۇ قاراشقا قوشۇلمايمەن.

خىتاي شىركەتلىرى ۋەزىيىتى تۇراقسىز دۆلەتلەرگە مەبلەغ سېلىش — ئەگەر بۇ ئۇلارنىڭ پايدا ئالالايدىغانلىقىدىن دېرەك بەرسە — بىلەن داڭ چىقارغان. گەرچە بۇ خىل مەبلەغ سېلىشلار ھەمىشە ئۇتۇقلۇق بولۇۋەرمەيدىغان بولسىمۇ، ئەمما خىتاي بۇ جەھەتتە خېلىلا سەۋرچان. ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ مەۋجۇتلۇقى قوراللىق تەشكىلاتلارنىڭ ئافغانىستاندىن بىخەتەر پاناھگاھ سۈپىتىدە پايدىلىنىشىغا مۇئەييەن دەرىجىدە توسقۇنلۇق قىلغان بولسا، ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ چېكىنىشى ئامېرىكا بىلەن تالىبان ئوتتۇرىسىدىكى يىگىرمە يىللىق ئۇرۇشنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بەردى. شۇ ۋەجىدىن، خىتاينىڭ ئافغانىستانغا كەڭ كۆلەمدە مەبلەغ سېلىشىدىكى توسالغۇلارمۇ تۈگىدى. خىتاي ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي موتورىنى خام ئەشيا بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇش زۆرۈرىيىتى سەۋەبلىك، دۇنيادىكى مېتال ۋە كان مەھسۇلاتلىرىنى ئەڭ كۆپ سېتىۋالغۇچى دۆلەتلەرنىڭ بىرىدۇر.

خىتاينىڭ نۆۋەتتىكى ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىستراتېگىيەلىك مەبلەغ سېلىش پىلانلىرىنىڭ بىرى «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى» بولۇپ، بۇ مەزكۇر رايوندا ئۇل مۇئەسسەسە بەرپا قىلىش ۋە رايونغا مەبلەغ سېلىش ئۇرۇنۇشىدۇر. بۇنىڭدىن ئىلگىرى، ئافغانىستان ئىزچىل ھالدا بۇ غايەت زور پىلاننىڭ جەلپ قىلالىرلىق، ئەمما كەم قالغان قىسمى بولۇپ كەلگەندى. ئەگەر خىتاي «بىر بەلباغ، بىر يول»نى پاكىستاندىن ئافغانىستانغا ئۇزارتالىسا، مەسلەن پېشاۋاردىن كابۇلغا تۇتىشىدىغان تاشيول ياسىيالىسا، بۇ خىتاي ئۈچۈن ئوتتۇرا شەرق بازىرىغا كىرىدىغان تېخىمۇ قىسقا لىنىيە بولۇپ قالىدۇ. شۇنداقلا، كابۇلغا تۇتىشىدىغان يېڭى يول يەنە ھىندىستاننىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول»غا قاتناشماي تۇرۇۋېلىشىنى كارايىتى چاغلىق ئىشقا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

تالىبان ھەتتا كابۇلنى قولغا كىرگۈزۈشتىن ئىلگىرىلا، خىتاينىڭ ئافغانىستانغا سالغان مەبلەغلىرىنى قوغداشقا ۋەدە بەرگەنىدى.

خىتاي ھازىر ئافغانىستاننىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىگە تېخىمۇ چوڭ تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان ھالەتتە تۇرۇۋاتىدۇ. ئافغانىستان تارىخىدىن شۇ نەرسە مەلۇمكى، بىرەر تەشكىلاتنىڭ بۇ دۆلەتنى تەلتۆكۈس كونترول قىلالىشى بەسىي مۈشكۈل. تالىباننىڭ دۆلەتنى قولغا كىرگۈزۈش سۈرئىتىنى نەزەردە تۇتقاندا، ئانچە - مۇنچە ئىچكى مالىمانچىلىقلار يۈز بېرىشىنى مۆلچەرلەشكە بولىدۇ. خىتاي ئاللىقاچان ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ بەش دائىمىي ئەزاسى ئىچىدە ب د ت نىڭ تىنچلىق ساقلاش ھەرىكەتلىرى ئۈچۈن ئەڭ كۆپ خادىم بىلەن تەمىنلىگەن دۆلەتكە ئايلاندى. خىتاي يەنە ب د ت نىڭ تىنچلىق ساقلاش قىسىملىرى ئۈچۈن، 8000 كىشىلىك زاپاس قوشۇن تەسىس قىلدى. بۇ ھەرىكەت خىتاينى تىنچلىق ساقلاش قىسىملىرىدىكى ئەسكىرى ئەڭ كۆپ دۆلەتلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندۇرۇشى مۇمكىن. ئەگەر بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئافغانىستانغا تىنچلىق ساقلاش قىسىملىرىنى ئەۋەتسە، «دوستانە» قوشنا دۆلەت بولمىش خىتاينىڭ تىنچلىق ساقلاش قىسىملىرىنىڭ يىراقتىن كەلگەن تىنچلىق ساقلاش قىسىملىرىغا قارىغاندا بەكرەك ئالقىشلىنىدىغانلىقىدا ئاساسەن شەك يوق.

ئافغانىستاندا تەسىر كۈچكە ئىگە ئىشتىراكچىغا ئايلىنىش ئۆز نۆۋىتىدە يەنە خىتاينىڭ ئۆزىنىڭ نەزىرىدىكى «خىتايغا قارشى» تەشكىلاتلارنىڭ ئافغانىستاندا پۇت تىرەپ تۇرۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تېخىمۇ تەشەببۇسكار ھالەتكە ئۆتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. خىتاينىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» بولۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دوكلاتىغا كۆرە، مەزكۇر تەشكىلات ئەڭ دەسلەپتە ئافغانىستاندا بارلىققا كەلگەن. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا كۆرە، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» 2000 - يىلى تالىبان ۋە بازا تەشكىلاتىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن. بەزى تەتقىقاتچىلار ۋە مۇتەخەسسىسلەر بۇ تەشكىلاتنىڭ نۆۋەتتە زوراۋانلىققا قۇتراتقۇلۇق قىلىش ئىقتىدارى بار - يوقلۇقى، ھەتتا مۇشۇنداق بىر تەشكىلاتنىڭ مەۋجۇت ياكى ئەمەسلىكىگە بولغان گۇمانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماستىن، خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭ يى بۇ يىل 7 - ئايدا تالىباننىڭ مۇئاۋىن رەھبىرى موللا ئابدۇلغەنى بارادار بىلەن كۆرۈشكەندە، تالىباننىڭ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»دىن «چەك - چېگرانى ئېنىق ئايرىشى»نى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى، چۈنكى بۇ تەشكىلاتنىڭ «خىتاينىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىگە بىۋاستە تەھدىت شەكىللەندۈرگەن»لىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ۋاڭ يى يەنە تالىباننىڭ «ئىجابىي ئوبراز تىكلەپ، سىغدۇرۇشچان سىياسەت يۈرگۈزۈشى»نى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

بارادار بۇنىڭغا جاۋابەن تالىبانىنىڭ ھەر قانداق تەشكىلاتنىڭ ئافغانىستان زېمىنىدىن پايدىلىنىپ ختايغا تەھدىت سالىدىغان پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىغا قەتئىي يول قويمايدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى.

ئەلۋەتتە، پاكىستانمۇ ئافغانىستاننىڭ تىنچلىقى ۋە مۇقىملىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشتىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرىدۇر. گەرچە ئافغانىستان بىلەن پاكىستان يېقىن قوشنىلاردىن بولسىمۇ، لېكىن ئافغانىستاننىڭ سابىق پرېزىدېنتى ھامىد كارزائىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، ئۇشبۇ «تۇتاشقان قوشكېزەك»نىڭ يۈنىلىشى ھەمىشە ئوخشاش بولۇۋەرمەيدۇ. پاكىستاننىڭ ئافغانىستان سىياستى ئاساسەن «ئافغانىستاندا پاكىستانغا دوستانە بولغان ھۆكۈمەت بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋە ھىندىستاننىڭ ئافغانىستاندىكى كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان تەسىرىنى ئاجىزلاشتۇرۇش»تىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك نىشاننى تۈرتكە قىلغان. پاكىستان بىلەن ئافغانىستاننىڭ دوستانە مۇناسىۋەتنى ساقلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ختاينىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول»نىڭ مۇۋەپپەقىيەتىدىنمۇ ھالقىغان زور مەنپەئەتلىرىگە ئۇيغۇندۇر.

ختاينىڭ پاكىستاندا كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە ئىكەنلىكى جاھان ئەھلىگە سىر ئەمەس. ختاي پاكىستاننىڭ كەلگۈسىدە ئۆز پىلانلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇ يىل 6 ـ ئايدا ختاي ـ پاكىستان مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ياخشىلاشقا كۈچ چىقىرىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەردى.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى


مەنبە:

https://nytimes.com/opinion/20210823/china ـ afghanistan ـ taliban



# كۆز ساغلاملىقى ئۈچۈن تەۋسىيەلەر

ئاتلى ئارنارسون

# كۆز ساغلاملىقىڭىزغا پايدىلىق سەككىز خىل ئوزۇقلۇق ماددىسى

ئاتلى ئارنارسون

بەش سەزگۈنىڭ ئىچىدە، كۆرۈش قۇۋۋىتى ھەممىدىن مۇھىم بولۇشى مۇمكىن.

كۆز ساغلاملىقى ئومۇمىي تەن ساغلاملىقى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىشلىق بولسىمۇ، ئەمما تۆۋەندىكى بىر قانچە خىل ئوزۇقلۇق ماددىلار كۆزىڭىز ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم.

بۇ ئوزۇقلۇق ماددىلار كۆز ئىقتىدارىڭىزنىڭ چېكىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، كۆزىڭىزنى زىيانلىق نۇرلاردىن قوغدايدۇ ۋە ياش بىلەن مۇناسىۋەتلىك چېكىنىش خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئازايتىدۇ.

تۆۋەندە بىز كۆپ ئۇچرايدىغان كۆز كېسەللىكلىرىنى ۋە كۆزگە پايدىلىق سەككىز خىل ئوزۇقلۇق ماددىنى قىسقىچە تونۇشتۇرىمىز:

## كۆپ كۆرۈلىدىغان كۆز كېسەللىكلىرى

ياشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ كۆز كېسەللىككە گىرىپتار بولۇش خەۋپىمۇ ئاشىدۇ. شۇلارنىڭ ئىچىدە، ئەڭ كۆپ كۆرۈلىدىغان كۆز كېسەللىكلىرى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

كۆزگە ئاق چۈشۈش: بۇ ئەھۋالدا كۆزىڭىز بۇلۇتلانغاندەك بولۇپ قالىدۇ. ياش بىلەن مۇناسىۋەتلىك كۆزگە ئاق چۈشۈش دۇنيا مىقياسىدا كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلاش ۋە قارىغۇ بولۇپ قېلىشنىڭ ئاساسلىق سەۋەبىدۇر.

دىئابىت مەنبەلىك كۆرۈش تور پەردىسى كېسلى: بۇ كېسەل دىئابىتتا ياندىشىپ پەيدا بولىدىغان بولۇپ، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلاش ۋە ئەما بولۇپ قېلىشنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىدىندۇر. قاندىكى قەنت مىقدارى ئۆرلەپ، كۆرۈش تور پەردىڭىزدىكى قان تومۇرلارغا زىيان يەتكۈزگەندە بۇ خىل كېسەل كۆرۈلىدۇ.

گلاۋكوما: بۇ كۆرۈش ئۇچۇرلىرىنى كۆزدىن مېڭىگە يەتكۈزىدىغان كۆرۈش نېرۋىلىرىڭىزنىڭ تەدرىجىي چىكىنىشى بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان بىر گۇرۇپپا كېسەللىكلەرنىڭ ئومۇمىي ئىسمى بولۇپ، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاجىزلىتىۋېتىشى ياكى قارىغۇلۇقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن.

كۆزدىكى سېرىق داغنىڭ ناچارلىششى: سېرى داغ كۆرۈش تور پەردىسىنىڭ يادرولۇق قىسمى بولۇپ، ياشنىڭ چوڭىيىشى سەۋەبلىك سېرىق داغنىڭ ناچارلىششى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردىكى قارىغۇلۇقنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىدىن بىرىدۇر.

گەرچە سىزنىڭ بۇ كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولۇش خەۋپىڭىز مەلۇم دەرىجىدە گېنىڭىزغا باغلىق بولسىمۇ، ئەمما يېمەك - ئىچمىكىڭىزمۇ بۇ جەھەتتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

كۆزگە پايدىلىق سەككىز خىل ئوزۇقلۇق ماددا:

**1. ۋىتامىن A**

ۋىتامىن A كەملىك دۇنيادىكى قارىغۇلۇقنىڭ ئەڭ كۆپ كۆرۈلىدىغان سەۋەبلىرىدىن بىرىدۇر.

ۋىتامىن A كۆزنىڭ نۇر سېزىش ھۈجەيرىسىنى (فوتورېتسېپتور دەپمۇ ئاتىلىدۇ) قوغداشتا ئىنتايىن مۇھىم.

ئەگەر يېتەرلىك مىقداردا ۋىتامىن A ئىستېمال قىلمىسىڭىز، كەملىگەن ۋىتامىن A مىقدارىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە ئاساسەن، نامازشام قارىغۇسى، كۆز قۇرغاقلىشىش، ھەتتا ئېخىمۇ ئېغىر ئەھۋاللارغا دۇچ كېلىشىڭىز مۇمكىن.

ۋىتامىن A پەقەت ھايۋانلارنى مەنبە قىلغان يېمەكلىكلەردىلا تېپىلىدۇ. ۋىتامىن A ئەڭ مول يېمەكلىكلەر جىگەر، تۇخۇم سېرىقى ۋە سۈت مەھسۇلاتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ھالبۇكى، سىز يەنە بەزى مېۋە - چېۋە ۋە كۆكتاتلاردا مول بولغان، پروۋىتامىن A كاروتىنوئىد (provitamin A carotenoid) دەپ ئاتىلىدىغان ئوكسىدلىنىشقا قارشى ئۆسۈملۈك بىرىكمىسىدىنمۇ ۋىتامىن A غا ئېرىشەلەيسىز.

پروۋىتامىن A كاروتىنوئىد ئوتتۇرا ھېساب بىلەن، ئىنسان بەدىنىگە لازىملىق ۋىتامىن A نىڭ تەخمىنەن ئوتتۇز پىرسەنتىنى تەمىنلەيدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئۈنۈملۈكى ياۋا كاپوستا، پالەك ۋە سەۋزە قاتارلىقلاردا ئىنتايىن مول مىقداردا مەۋجۇت بولغان β كاروتىندۇر.

## 2 ~ 3. كىنانتوفىل ۋە كۆممىقوناق سېرىق ماددىسى (زېئاكسانتىن)

كىنانتوفىل ۋە كۆممىقوناق سېرىق ماددىسى سېرىق رەڭلىك كاروتىنسىمان ئوكسىدلىنىشقا قارشى تۇرغۇچ بولۇپ، «سېرىق داغ پىگمېنتلىرى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئۇلار كۆرۈش تور پەردىسىنىڭ، يەنى كۆز قارىچۇقىنىڭ ئارقا دىۋارىدىكى بىر قەۋەت نۇر سەزگۈچى ھۈجەيرىلەرنىڭ مەركىزى قىسمى بولغان سېرىق داغقا مەركەزلەشكەن.

كىنانتوفىل ۋە كۆممىقوناق سېرىق ماددىسى تەبىئىي ئاپتاپتىن ساقلىغۇچلۇق رولىنى ئوينايدۇ. ئۇلار كۆزنى زىيانلىق كۆك نۇردىن قوغداشتا ئاساسلىق رول ئوينايدۇ دەپ قارىلىدۇ.

سېلىشتۇرما تەتقىقاتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، بەدەنگە قوبۇل قىلىنغان كىنانتوفىل ۋە كۆممىقوناق سېرىق ماددىسىنىڭ مىقدارى كۆرۈش تور پەردىسىدىكى كىنانتوفىل ۋە كۆممىقوناق سېرىق ماددىسىنىڭكى بىلەن ئوڭ تاناسىپ تۈزىدىكەن.

ئوتتۇرا ياش ۋە ياشانغانلارغا قارىتىلغان كۆزىتىش خاراكتېرلىك تەتقىقاتتا كۆرسىتىلىشىچە، ھەر كۈنى 6 مىللىگرام كىنانتوفىل ۋە/ياكى كۆممىقوناق سېرىق ماددىسى ئىستېمال قىلغاندا، ياشنىڭ چوڭىيىشى سەۋەبلىك سېرىق داغنىڭ ناچارلىشىش خەۋپىنى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەتكىلى بولىدىكەن.

تەتقىقاتچىلار يەنە كىنانتوفىل ۋە كۆممىقوناق سېرىق ماددىسىنى ئەڭ كۆپ قوبۇل قىلغان كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئاز قوبۇل قىلغان كىشىلەرگە قارىغاندا، سېرىق داغنىڭ ناچارلىشىش خەۋپىنىڭ 43 پىرسەنت تۆۋەن بولىدىغانلىقىنى بايقىغان.

لېكىن، بۇ جەھەتتىكى دەلىللەر تامامەن بىردەكمۇ ئەمەس. ئالتە كۆزىتىش تەتقىقاتىنى بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلىش نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، كىنانتوفىل ۋە كۆممىقوناق سېرىق ماددىسى ياشنىڭ چوڭىيىشى سەۋەبلىك سېرىق داغنىڭ ناچارلىششىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا ئەمەس، پەقەت ئاخىرقى باسقۇچىدىلا داۋالاش رولىنى ئوينايدىكەن.

كىنانتوفىل ۋە كۆممىقوناق سېرىق ماددىسى كۆپىنچە ھاللاردا يېمەكلىكلەردە تەڭ تېپىلىدۇ. پالەك، شۋېتسارىيە قىزىلچىسى، ياۋا كاپوستا، ياۋروپا كەرەپشىسى، پىستە ۋە يېشىل پۇرچاق بۇ جەھەتتىكى ئەڭ ياخشى مەنبەلەردۇر.

ئۇنىڭدىن باشقا، تۇخۇم سېرىقى، تاتلىق كۆممىقوناق ۋە قىزىل ئۈزۈم تەركىبىدىكى كىنانتوفىل ۋە كۆممىقوناق سېرىق ماددىسى مىقدارىمۇ ئىنتايىن يۇقىرى بولۇشى مۇمكىن.

ئەمەلىيەتتە، تۇخۇم سېرىقى ئۆزىدىكى مول ماي تەركىبى سەۋەبلىك، بۇ جەھەتتىكى ئەڭ ياخشى مەنبەلەرنىڭ بىرى دەپ قارىلىدۇ. كاروتىنوئىد ماي بىلەن بىگەندە تېخىمۇ ياخشى سۈمۈرۈلىدۇ، شۇڭا ئەڭ ياخشىسى يوپۇرماقلىق كۆكتات سالاتلىرىغا ئازراق ئامېرىكا ئامۇتى (avocado) ياكى ساغلاملىق مېيى قوشۇش كېرەك.

## 4. ئومېگا ـ 3 ياغ كىسلاتاسى

EPA ۋە DHA دىن ئىبارەت ئۆزۈن زەنجىرلىك ئومېگا ـ 3 ياغ كىسلاتالىرى كۆز ساغلاملىقى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم.

كۆرۈش تور پەردىسىدە زور مىقداردا DHA بار بولۇپ، بۇ كۆز ئىقتىدارىنى قوغداشقا پايدىلىق. ئۇ بوۋاقلىق مەزگىلىدىكى مېڭە ۋە كۆزنىڭ يېتىلىشى ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن مۇھىم. شۇ ۋەجىدىن، DHA نىڭ كەمچىل بولۇشى كۆرۈش قۇۋۋىتىگە زىيان يەتكۈزىدۇ، بالىلاردا تېخىمۇ شۇنداق.

پاكىتلار يەنە ئومېگا ـ 3 تولۇقلاش دورىسى ئىستېمال قىلىشنىڭ كۆز قۇرغاقلىشىش كېسىلىنى داۋالاشقا پايدىسى بارلىقىنى كۆرسەتمەكتە.

كۆز قۇرغاقلىشىش كېسىلى بىمارلىرىغا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتتا كۆرسىتىلىشىچە، EPA ۋە DHA تولۇقلاش دورىلىرىنى ئۈدا ئۈچ ئاي، كۈندە ئىستېمال قىلغاندا، كۆز يېشىنىڭ شەكىللىنىشىنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق كۆزنىڭ قۇرغاقلىشىش ئالامەتلىرىنى كۆرۈنەرلىك ئازايتقىلى بولىدىكەن.

ئومېگا ـ 3 ياغ كىسلاتاسى يەنە باشقا كۆز كېسەللىكلىرىنىڭمۇ ئالدىنى ئالىدۇ. دىئابىت كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئوتتۇرا ياش ۋە ياشانغانلارغا قارىتىلغان تەتقىقاتتا بايقىلىشىچە، ھەر كۈنى كەم دېگەندە 500 مىللىگرام ئۆزۈن زەنجىرلىك ئومېگا ـ 3 ئىستېمال قىلغاندا، دىئابىت مەنبەلىك كۆرۈش تور پەردىسى كېسىلىگە گىرىپتار بولۇش خەۋپىنى تۆۋەنلەتكىلى بولىدىكەن.

ئەمما، نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئومېگا ـ 3 ياغ كىسلاتاسى ياشنىڭ چوڭىيىشى سەۋەبلىك سېرىق داغنىڭ ناچارلىششىغا قارىتا ئۈنۈملۈك داۋالاش ئۇسۇلى ئەمەس.

EPA ۋە DHA نىڭ ئەڭ ياخشى يېمەكلىك مەنبەسى مايلىق بېلىقلاردۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، بېلىق ياكى مىكرو يوسۇنلاردىن ياسالغان ئومېگا ـ 3 تولۇقلىما دورىلىرىمۇ ئاسانلا تېپىلىدۇ.

## 5. گامما ـ لىنولېن كىسلاتاسى

گامما ـ لىنولېن كىسلاتاسى زامانىۋى يېمەكلىكلەردە ئاز مىقداردا بار بولغان ئومېگا ـ 6 ياغ كىسلاتاسىدۇر.

باشقا ئومېگا ـ 6 ياغ كىسلاتالىرىغا ئوخشىمايدىغىنى، گامما ـ لىنولېن كىسلاتاسىنىڭ ياللۇغ قايتۇرۇش رولى باردەك قىلىدۇ.

گامما ـ لىنولېن كىسلاتاسى ئېچىتقۇ ئوت (ئېنوتېرا ئوتىمۇ دېيىلىدۇ) مېيى (evening primrose oil) ۋە يۇلتۇزگۈل مېيىنىڭ تەركىبىدە ھەممىدىن مول.

بەزى پاكىتلار ئېچىتقۇ ئوت مېيى ئىستېمال قىلىشنىڭ كۆز قۇرغاقلىشىش كېسىلىنىڭ ئالامەتلىرىنى ئازايتالايدىغانلىقىغا دالالەت قىلىدى.

مەلۇم بىر ئىختىيارىي سىلىشتۇرما تەتقىقاتتا كۆزى قۇرغاقلىشىدىغان ئاياللارغا كۈنىگە تەركىبىدە 300 مىللىگىرام گامما ـ لىنولېن كىسلاتاسى بار ئېچىتقۇ ئوت مېيى بېرىلگەن بولۇپ، مەزكۇر تەتقىقاتتا ئۈلاردىكى ئالاقىدار كېسەللىك ئالامەتلىرىنىڭ ئالتە ئاي ئىچىدە ياخشىلانغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

6. ۋىتامىن C

كۆزىڭىز بەدىنىڭىزدىكى باشقا نۇرغۇن ئەزالارغا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ مىقداردا ئوكسىدلىنىشقا قارشى تۇرغۇچى ماددىلارغا موھتاج.

گەرچە ۋىتامىن C نىڭ كۆز ساغلاملىقىدىكى رولى توغرىسىدىكى سېلىشتۇرما تەتقىقاتلار كەمچىل بولسىمۇ، ئوكسىدلىنىشقا قارشى تۇرغۇچى ۋىتامىن C كۆز ساغلاملىقى ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە مۇھىمدەك قىلىدۇ.

كۆز سۈيۈقلۇقىدىكى (aqueous humor) ۋىتامىن C نىڭ قويۇقلۇقى بەدەندىكى باشقا سۈيۈقلۇقلارنىڭكىدىن يۇقىرى بولىدۇ. كۆز سۈيۈقلۇقى كۆزىڭىزنىڭ ئەڭ سىرتقى قىسمىنى قاپلىغان سۈيۈقلۇقتۇر.

كۆز سۈيۈقلۇقىدىكى ۋىتامىن C نىڭ مىقدارى ئىستېمال قىلىنغان يېمەكلىكلەردىكى ۋىتامىن C نىڭ مىقدارى بىلەن ئوڭ تاناسىپ تۈزىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، سىز ۋىتامىن C بار تولۇقلىغۇچى دورىلارنى ياكى تەركىبىدە مول مىقداردا ۋىتامىن C بار بولغان يېمەكلىكلەرنى يېيىش ئارقىلىق كۆز سۈيۈقلۇقىڭىزدىكى ۋىتامىن C نىڭ قويۇقلۇقىنى ئاشۇرالايسىز.

كۆزىتىش خاراكتېرلىك تەتقىقاتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، ئادەتتە كۆزگە ئاق چۈشكەنلەرنىڭ ئوكسىدلىنىشقا قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى تۆۋەن بولىدىكەن. مەزكۇر تەتقىقاتلار ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ۋىتامىن

C تـولۇقـلـىغۇچـى دورىلارنـى يەپ تۇرغـانـلارنـىڭ كۆزىگە ئـاق چۈشۈش خەۋپـىـنـىڭ نـىسـبەتەن تۆۋەن بولىدىغانلىقىنمۇ كۆرسەتتى.

گەرچە ۋىتامىن C كۆزنىڭزنى قوغداش رولىنى ئوينىسىمۇ، ئەمما ۋىتامىن C تولۇقلىغۇچى دورىلارنىڭ بەدىنىدە ۋىتـامـىن C كەمـچىل بـولـمىغـانـلارنـىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتـىـنـى ئېـخىمۇ يـاخشـلـىيـالايـدىغـان ـ ياخشىلىيالمايدىغانلىقى ئېنىق ئەمەس.

قاپاق مۇچ، ئاپېلسىن تۈرىدىكى مېۋىلەر، گۇئاۋا، ياۋا كـاپوسـتا، گۈلكەرەم (broccoli) قاتارلىق نۇرغۇن مېۋە ۋە كۆكتاتلاردا مول مىقداردا ۋىتامىن C بار.

### 7. ۋىتامىن E

ۋىتـامـىـن E يـاغدا ئېرىيـدىغـان ئوكـسـىدلـىـنىشقا قارشى تۇرغۇچى ماددىلار گۇرۇپپىسى بـولۇپ، يـاغ كىسلاتاسىنى زىيانلىق ئوكسىدلىنىشتىن ساقلايدۇ.

كۆرۈش تـور پەردىڭىزدىكـى يـاغ كـىسلاتـاسـىـنىڭ قويۇقلۇقى يۇقىرى بولغاچقا، كۆزنىڭ ساغلاملىقى ئۈچۈن يېتەرلىك ۋىتامىن E قوبۇل قىلىش ئىنتايىن مۇھىم.

گەرچە ئېغىر دەرىجىدىكى ۋىتامىن E كەملىكى كۆرۈش تور پەردىسىنىڭ چىكىنىشى ۋە قارىغۇلۇقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن بولسىمۇ، ئەمما ۋىتامىن E تولۇقلىغۇچى دورىلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكتىن يېتەرلىك دەرىجىدە ۋىتامىن E قوبۇل قىلىۋاتقان كىشىلەرگە قوشۇمچە پايدىسى بار ـ يوقلۇقى ئېنىق ئەمەس.

بىر تەھلىلدە كۆرسىتىلىشىچە، ھەر كۈنى 7 مىللىگرامدىن ئارتۇق ۋىتامىن E ئىستېمال قىلغاندا، ياشنىڭ چوڭىيىشى سەۋەبلىك كۆزگە ئاق چۈشۈش خەۋپىنى ئالتە پىرسەنت تۆۋەنلەتكىلى بولىدىكەن.

بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، ئىختىيارى سېلىشتۇرما تەتقىقاتلار ۋىتامىنE تولۇقلىغۇچى دورىلارنىڭ كۆزگە ئاق چۈشۈشنىڭ تەرەققىياتىنى ئاستىلىتالمايدىغانلىقىنى ۋە ئالدىنى ئالالمايدىغانلىقىنى كۆرسەتتى.

بادام، ئاپتاپپەرەس ئۇرۇقى، شۇنداقلا زىغىر يېغى قاتارلىق ئۆسۈملۈك مايلىرىدا ۋىتامىن E ئەڭ مول.

### 8. سىنىك

كۆزنىڭىزدە كۆپ مىقداردا سىنىك بار.

سىنىك ئوكسىدلىنىشقا قارشى تۇرۇش رولىنى ئويـنايدىغان سۇپېرئوكسىد مۇتازانى (superoxide dismutase) ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن مۇھىم ئېنزىملارنىڭ تەركىبىي قىسمىدۇر.

ئۇ يەنە كۆرۈش تور پەردىسىدە كۆرۈش پىگمېنتىنىڭ شەكىللىنىشىگىمۇ تەسىر كۆرسىتىدىغانىدەك قىلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن، سىنىك كەملىكى نامازشام قارىغۇلۇقىغا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن.

مەلۇم بىر تەتقىقاتتا، سېرىق داغ ناچارلىشىشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقان ياشانغانلارغا سىنىك تولۇقلاش دورىلىرى بېرىلگەندە، ئۇلاردىكى سېرىق داغنىڭ ناچارلىشىشى ئاستىلىغان. شۇنداقلا، ئۇلارنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى بەزلەش دورىلىرىنى ئىستېمال قىلغانلارنىڭكىدىن ياخشى ساقلانغان.

ھالبۇكى، بۇ ھەقتە كەسكىن يەكۈن چىقىرىشتىن ئىلگىرى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىش زۆرۈر.

ئويستېر قۇلۇلىسى، گۆش، كاۋا ئۇرۇقى ۋە يەر ياڭىقى قاتارلىق يېمەكلىكلەردە مول مىقداردا سىنىك بار.

خۇلاسە

ساغلام ئوزۇقلىنىش ۋە دائىم چېنىقىش دېگەندەك ساغلام تۇرمۇش ئادەتلىرى نۇرغۇنلىغان سوزۇلما كېسەللىكلەرنىڭ، جۈملىدىن كۆز كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن.

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئوزۇقلۇق ماددىلارنى يېتەرلىك مىقداردا ئىستېمال قىلىش كۆز كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولۇش خەۋپىگىزنى تۆۋەنلىتىشى مۇمكىن. باشقا ۋىتامىنلارمۇ كۆز ساغلاملىقىغا ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن.

ھالبۇكى، بەدىنىڭىزنىڭ قالغان قىسىملىرىغىمۇ سەل قارىماڭ. چۈنكى، پۈتۈن بەدىنىڭىزنى ساغلاملاشتۇرىدىغان يېمەكلىكلەر ئۆز نۆۋىتىدە كۆزىڭىزنىمۇ ساغلاملاشتۇرالايدۇ.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.healthline.com/nutrition/8 - nutrients - for - eyes#TOC_TITLE_HDR_9



# بىلىم ئادەملىرى مۇستەقىللىق كۈرىشىدىكى يادرولۇق كۈچتۇر

ئابدۇلقادىر قەشقەرى

# بىلىم ئادەملىرى مۇستەقىللىق كۈرەشلىرىمىزنىڭ يادرولۇق كۈچىدۇر

ئابدۇلقادىر قەشقەرىي

يېقىندا ھاجى قۇتلۇق قادىرى ئەپەندىنىڭ توردا تارقىتىلغان «قەلەم كۈرىشىنىڭ شەرقىي تۈركىستان داۋاسىدىكى ئەھمىيىتى» مەزمۇنىدىكى سۆھبىتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بىلىم ئادەملىرىنىڭ نەقەدەر قەدىر قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھىس قىلىپ يەتتىم. بىزدە شۇنداق بىر ئاتا سۆزى بار. «بىلىكى كۈچلۈك بىرنى يېڭەر، بىلىمى كۈچلۈك مىڭنى يېڭەر»، «بىلىم تۈگىمەس بايلىق، بىلىمسىزلىك ئەڭ ئېغىر خارلىق،» «بىلىم تەڭداشسىز كۈچ» بۇنداق مىساللار بىزدە كۆپ. ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىلىم ھەققىدە بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن ماقال ـ تەمسىللىرىدىن ئۇلارنىڭ تارىختىن بۇيان بىلىمنى ۋە بىلىملىك كىشىلەرنى نەقەدەر ھۆرمەتلىگەنلىكىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز.

بىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ يېقىنقى يۈز يىللىق مۇستەملىكە تارىخىمىزغا قارايدىغان بولساق، مانجۇ تاجاۋۇزچىلىرىدىن تاكى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا شەرقىي تۈركىستاندا مەنسەپ تۇتقان بارلىق تاجاۋۇزچى ئەمەلدارلار، مىللىتىمىز ئىچىدىكى مەيلى دىنىي ئالىملىرىمىز ۋە ئۇقۇمۇشلۇق ئەرباپلىرىمىز بولسۇن، مەيلى پەننىي ئالىم ياكى زىيالىيلىرىمىز بولسۇن، خەلق ئىچىدە ئالدىنقى سەپتىن ئورۇن ئېلىپ خىزمەت قىلىۋاتقان كۆزگە كۆرۈنگەن مەلۇماتلىق، ئىقتىدارلىق ئادەملىرىمىزنى گاھ ئاشكارا، گاھى مەخپىي ھالدا سۇيىقەست قىلىش، مال مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش، سۈرگۈن قىلىش، يوقلاڭ باھانىلەر بىلەن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىش، تۈرمىگە تاشلاپ ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈشتەك تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىپ، يوقىتىپ كەلدى.

1860 ـ يىلدىن 1949 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ياقۇپ بەگ، تۆمۈر خەلىپە، نىياز غوجا، ئابدۇلقادىر داموللام، سابىت داموللام، مەمتىلى ئەپەندى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، لۇتفۇللا مۇتەللىپ، ئوسمان باتۇر، ئەخمەتجان قاسىمى... قاتارلىق نۇرغۇنلىغان دىنىي ئۆلىما، مەشھۇر زىيالى، يازغۇچى شائىرلىمىز، ۋەتەنپەرۋەر رەھبەرلىمىزنى ئىشغالچى ھاكىمىيەت كۈچلىرى ئاشكارا ۋە تۈرلۈك سۇيىقەستلەر بىلەن بىر ـ بىرلەپ يوقاتقان ئىدى.

بۇگۈنكى كۈندىمۇ ھەم، نىجىس خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى يىللاردىكىدىنمۇ بەكرەك غالجىرلاشتى. بولۇپمۇ 2017-يىلى 4- ئايدا چىقىرىلغان كەڭ كۆلەملىك قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىشتەك ئېچكى سىياستىنىڭ تۈنجى تىغ ئۇچىنى شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئىچىدە يۈز يىلدىن بېرى مىڭبىر مۇشەققەتتە يېتىشىپ چىققان ئىلغار ئىددىيەدىكى دىنىي ئالىملار، پىروفىسور، دوكتور، زىيالىيلار، ئۇقۇمۇشلۇق جامائەت ئەربابلىرىمىزغا قاراتقان ئىدى. ئۇلاردىن يېقىنقى 4 يىل ئىچىدە شېھىت قىلىنغانلاردىن: مۇھەممەد سالىھ داموللاھاجىم، ئابدۇلھەمىد داموللام، ئابدۇلئەھەدخان بارات دامولام، ئابدۇلھەكىم داملام،كېرەم دامولام، سۇلايمان قارىھاجىم.... قاتارلىقلار بار.

پىروفىسور دوكتور ئالىملىرىمىزدىنمۇ بىزدىن ۋاقىتسىز ئايرىلغانلار ئاز ئەمەس ئىدى.

مۇستەملىكە قىلىنغان تارىخىمىزنىڭ قايسى بىر باسقۇچلىرىغا قارايدىغان بولساق ياكى قايسىبىر تاجاۋۇزچىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىكى باشقۇرۇش ئۇسۇلىغا قارايدىغان بولساق، ئۇ قانخورلار خەلق ئىچىدىكى ئىلىملىك، ئۇقۇمۇشلۇق، ئىلغار ئىدىيەدىكى كىشىلەرنىڭ قايسى مىللەتكە، قايسى تەبىقىگە، قايسى ئېتىقادقا تەۋە بولۇشىغا قارىماي، بىلىملىك كىشىلەر بولسىلا ھەر تۈرلۈك باھانە سەۋەبلەر بىلەن ئۇلارنى يۇتۇنلەي يوقۇتۇشنى نىشان قىلغان ئىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا ئىشغالچى ھاكىمىيەتنىڭ يەنە بىر يوقۇتۇش ئۇسۇلى شۇكى: بىر تەرەپتىن خەلقنى ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئالىملىرىغا، زىيالىيلىرىغا پىكرىي جەھەتتىن قارشى چىققۇزۇش، دىنىي ئالىملىرى بىلەن زىيالىيلارنى بىر-بىرىگە قارشىلاشتۇرۇپ ئۇلارنى خەلق ئىچىدە ئېتىبارسىزلاشتۇرۇپ، مىللەت ئوتتۇرىسىغا تۈگىمەس تەپرىقچىلىق، زىددىيەتلەرنى سېلىش بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن مىللەتنى ئىشغالچى ھاكىمىيەتتىن باشقا ئۆز ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان ھەرقانداق بىر ئىلىم ئەھلىنىڭ سۆزىنى تىڭشىمايدىغان، رەھبەرلىك ئىقتىدارىغا ئىگە ھەرقانداق بىر نوپۇزلۇق كىشىنىڭ سۆزىگە ئىتائەت قىلمايدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ باشقۇرۇش ئىدى. (ئوچۇقنى ئېيتقاندا مىللىتىمىزمۇ شۇنىڭغا كۆنۈپ قالغان ئىدى.)

بۇيەردە بىر سۇئال تۇغۇلۇشى كېرەك! تاجاۋۇزچى خىتتاي نىمە ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستاندىكى بىلىملىك ئادەملىرىمىزنى ھەرۋاقىت خەلق ئىچىدە ئېتىبارسىزلاشتۇرۇشنى ياكى ئۇلارنى بىۋاستە يوقۇتۇشنى نىشان قىلىدۇ؟

چۈنكى، بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى شۇ مىللەت ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان بىلىملىك كىشىلەرنىڭ دىنىي ئېتقاد، مىللىي ئۆرپ-ئادەت ۋە ۋەتەن سۆيگۈسى جەھەتلەردە شۇ مىللەتنى توغرا يولغا، توغرا ئىددىيەگە يېتەكلىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر. بىر مىللەت ئىچىدە ھەممە ئادەم بىلىملىك، ئالىي مەلۇماتلىق بولۇپ كېتىش ناتايىن. ھەممە ئادەمدە مىللەتنى يېتىكلىيەلەيدىغان ئىقتىدارنىڭ بولۇشى

تېخىمۇ ناتايىن. بىر مىللەتنىڭ بىلىم ـ ساپاسىنىڭ، مەدەنىيەت سەۋىيەسىنىڭ قانچىلىك بولۇشى شۇ مىللەت ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان ساناقلىق بىلىم ئادەملىرىنىڭ ساپاسى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. بۇنداق كىشىلەر شۇ مىللەت ئىچىدە ناھايىتى ئاز سانلىقنى ئىگىلەيدۇ ھەم تولىمۇ ئۇزۇن ۋاقىتلاردا ئاران يېتىشىپ چىقالايدۇ.

خەلق ئىچىدە يەنە شۇنداق مەشھۇر سۆزلەرمۇ بار: «بېشى يوق يىلان ھېچ يەرگە ماڭالمايدۇ»، «قوماندانسىز ئەسكەر جەڭدە غەلبە قىلالمايدۇ».

بۇ ھېكمەتلىك سۆزلەر بىزگە ھەممە ئىشنىڭ بېشىدا بىلىم ئادەملىرىنىڭ بولۇشى، يېتەكچى بىر رەھبەرنىڭ بولۇشىنىڭ ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.

بىر مىللەتنىڭ دىنىي ئالىملىرى، زىيالىيلىرى شۇ مىللەتنىڭ بۈگۈنى ۋە كېلەچىكىنى بەلگىلەيدىغان، مىللەتنىڭ خاسلىقىنى قوغدايدىغان، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىكنى خەلققە ئۆگىتىدىغان، ۋەتەننى ئىشغالچى كۈچلەرنىڭ تاجاۋۇزىدىن قۇتۇلدۇرۇشتا مىللەتنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىشغالچى كۈچلەرگە قارشى جەڭلەردە مىللەتكە قوماندانلىق قىلىدىغان، ئۇلۇغ ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ. خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بىر مىلەت ئۈچۈن، بولۇپمۇ بىزدەك ئىشغالىيەت ئاستىدا قالغان بىر مىللەت ئۈچۈن ئىلىم ئادەملىرىنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىزدىن ياخشى بىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خىتايلار بۈگۈنكىچە بىزنىڭ ئالىملىرىمىزنى، رەھبەر بولالايدىغانلىكى ئىقتىدار ئىگىلىرىنى ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن يوقۇتۇپ كەلدى ۋە يوقۇتۇشنى داۋام قىلماقتا....

يۇقىرىقى ئەھۋاللاردىن تاجاۋۇزچى خىتايلارنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىشتا بىلىملىك كىشىلەرنى يوقۇتۇشنى ئالدىنقى نىشان قىلغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈپ يېتەلىسەكمۇ، تېخىچە ھەر قايسى ساھەدىكى رەھبەرلىرىمىز، دىنىي ۋە زىيالىي ئالىملىرىمىزنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى تونۇپ يېتەلمەيۋاتىمىز. ئەكسىچە، ئۆز ھېسسىياتىمىزغا تايىنىپ، بىلىپ بىلمەي ھېلىھەم خىتاينىڭ ئىچىمىزدىن يوقۇتۇش سۇيىقەستلىرىگە ماسلىشىپ كېلىۋاتىمىز. بۇ خىل ئەھۋال كىشىنى تولىمۇ ئېچىندۇرىدۇ.

بىز شېھىت قىلىنغان دىنىي، زىيالىي ئالىملىرىمىزنى يىلمۇ يىل سېغىنىش ئىچىدە خاتىرلەيمىز. ئەمما، نىجىس خىتايلار تەرىپىدىن ھەرخىل باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن شېھىت قىلىنغان سانسىزلىغان ئالىملىرىمىز، رەھبەرلىرىمىز، زىيالىيلىرىمىزنىڭ مۇبارەك ئىسىملىرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ قىساسىنى ئېلىپ باقمىدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن يېقىنقى تارىختىن بۈگۈنگىچە بىرەر جاللات خىتاي بىرەر ئۇيغۇر قەھرىمانىنىڭ قىساس خەنجىرى بىلەن يەر چىشلىگىنى يوق.

بىز ھە دېسلا ئارىمىزدىن ئاجايىپ بىر رەھبەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىمىز. ئەمما كۆز ئالدىمىزدا مەۋجۇت بولغان، ھايات ياشاۋاتقان دىنىي ئالىملىرىمىزنىڭ، زىيالىي، رەھبەرلەرنىڭ قەدىر-قىممىتىگە پەقەتلا يەتمەيمىز ياكى ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىنى قىلمايمىز. ئارىمىزدا ئازغىنە پىكىر ئوخشىماسلىقى ياكى شەخسىي خۇسۇمەتلەر سەۋەبىدىن دىنىي ئالىملىرىمىزغا ۋە زىيالىيلىرىمىزغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىشقا، ھاقارەت قىلىشقا، ئوچۇق-ئاشكارا غاجىلاشقا ئارانلا تۇرىمىز. ھەتتا قىپقىزىل بوھتانلارنى چاپلاپ، ئۇلارنى ئېتىبارسىزلاشتۇرۇشقا تىرىشىمىز. ئەسلىدە بۇ خىل خاتا قىلمىشلار ئاز ساندىكى خىتاي جاسۇسلىرىنىڭ بىر قىسىم ئىختىلاپىي مەسىلىلەرنى قەستەن ئوتتۇرىغا تاشلىشى ياكى بىرە دىنىي ئالىم، زىيالىيرىمىزنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرىگە قارشى بۇرمىلاش خاراكتېرلىك چۈشەندۈرۈشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۈستىدە قەستەن شەكللەندۈرگەن شۈبھىلەر بىلەن ئوتتۇرىغا چىقارغان پىلانلاش خاراكتېردىكى سۇيىقەستىدۇر.

بىلىم ئادەملىرىمىز بىزنىڭ مۇستەقىللىق كۈرەشلىرىمىزدە كۈندۈزدىكى قۇياشقا، كېچىدە تۈن قاراڭغۇسىنى يورۇتقان سۈزۈك ئايغا، چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزغا ئوخشايدۇ. ئۇلارسىز مۇستەقىللىق كۈرەشلىرىمىز دېڭىزدا يولىدىن ئاداشقان كاپىتانسىز كېمىگە ئوخشاش ھېچبىر نىشانغا يېتىپ بارالمايدۇ. ۋەتىنىدە بىزدىن ئۈمىد كۈتۈپ كېچە-كۈندۈز يولىمىزغا تەلمۈرۈپ تۇرۇۋاتقان مىليونلىغان مەزلۇم قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھۆرلىكى ئەركىنلىكى تېخىمۇ كېيىنگە سوزۇلىدۇ.

شۇڭلاشقا دىنىي ۋە پەننىي زىيالىيلىرىمىزنى ھۆرمەتلەش، قەدىر-قىممىتىنى بىلىش، ئۇلارنىڭ يۈز-ئابرۇيىنى، شەخسىيىتىنى قوغداش شەرقىي تۈركىستان مىللىي مۇستەقىللىق كۈرەشلىرىمىزدە تولىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ.

2021-يىلى، 22-ئىيۇن، ئىستانبۇل


مىسلىسىز ئويغىنىش
سۆرەلمىلىكتىن قۇتۇلۇشتىكى ئۈنۈملۈك چارىلەر
براين چييسى

# سۆرەلملىكتىن قۇتۇلۇشتىكى ئۈنۈملۈك چارىلەر

برايىن چېيىسى

**1**

**تۇغما تالانتىڭىزنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، يوشۇرۇن ئىقتىدارىڭىز ھەر ۋاقىت شۇ ئاندا جارى قىلدۇرۇۋاتقان ئىقتىدارىڭىزدىن چوڭدۇر.**

**ـــ جېيمىس ماكاي (James T.McCay)**

**سۆرەلملىكنى يېڭىش ۋە خىزمەت ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇللىرىدىن بىرى، خىزمەت باشلاشتىن بۇرۇن پۇختا تەييارلىق قىلىشتۇر. ئەگەر سىز تەييارلىقنى پۇختا قىلغان بولسىڭىز، ئۇنداقتا ئىشنى باشلىغاندا، كىرىچى ۋايىغا يەتكۈزۈپ تارتىلغاندا ئېتىلغان يا ئوقىغا ئوخشايسىز ـ دە، شۇنچىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولسىلا، ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئوڭۇشلۇق ئورۇندىيالايسىز. بۇ خىل ھالەتنى بىر نەچچە ئاي ياكى بىر نەچچە يىل داۋاملاشتۇرغاندىن كېيىن، ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئىلگىرىلىگەنلىكىڭىزنى بايقايسىز. شۇنداقلا، سىز پەقەت يۈكسەك قىممەتكە ئىگە ۋەزىپىلەرنى باشلاشتىن بۇرۇن ئويلانسىڭىزلا بولىدۇ.**

**بۇنداق «چوڭ پاقا»نى بىر تەرەپ قىلىش خۇددى كاتتا زىياپەت ھازىرلاشتىن ئىلگىرى كېرەكلىك بارلىق تەم ـ خۇرۇچلارنى تەييارلىۋالغانغا ئوخشايدۇ. سىز ئالدى بىلەن بارلىق تەم ـ خۇرۇچلارنى ئالدىڭىزغا قويۇۋېلىپ، ئاندىن زىياپەت داستىخىنىنى قەدەممۇ قەدەم تەييارلىشىڭىز كېرەك.**

**ئالدى بىلەن ئۈستەل ياكى خىزمەت رايونىڭىزنى تازىلاڭ، بۇنداق بولغاندا ئالدىڭىزدا پەقەت بىرلا ۋەزىپە بار بولىدۇ. زۆرۈر تېپىلغاندا ھەممە نەرسىنى يەرگە ياكى ئۈستەلگە قويۇڭ. خىزمەتنى تاماملاش**

ئۈچۈن كېرەكلىك بارلىق ئۈچۈر، دوكلات، تەپسىلىي گرافىك، قەغەز ۋە خىزمەت ماتېرىياللىرىنى بىر يەرگە توپلاڭ. ئۇلارنى قولىڭىزنىڭ يېنىغا قويۇڭ. شۇنداق قىلسىڭىز، لازىم بولغاندا ئورنىڭىزدىن تۇرماي ياكى يۆتكەلمەي تۇرۇپلا ئۇلارنى ئالالايسىز.

ئىشنى باشلاش ۋە ئىشنى پۈتتۈرگەنگە قەدەر توختاپ قالماي ئىشلىيەلەش ئۈچۈن، لازىملىق ھەممە نەرسىنى، جۈملىدىن بارلىق يازما ماتېرىياللارنى، كومپيۇتېر دىسكىسىنى، سىستېمىغا كىرىش پارولىنى، ئېلخەت ئادرېسلىرىنى تەييارلىۋالغان بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىڭ.

خىزمەت مۇھىتىڭىز راھەت، ئۇزۇن مۇددەت ئىشلەشكە ئۇيغۇن كېلىدىغان بولسۇن. بولۇپمۇ ئورۇندۇقىڭىزنىڭ راھەت بولۇشىغا، دۈمبىڭىزنى تىرەپ تۇرۇشىغا ۋە پۇتىڭىزنىڭ يەرگە تۈز دەسسىشىگە دىققەت قىلىڭ.

ئۈنۈمدار ئىنسانلار ئۇزۇن مۇددەت ئىشلىگۈسى كەلگۈدەك خىزمەت مۇھىتى ھازىرلاش ئۈچۈن ۋاقتىنى ئايىمايدۇ. خىزمەت قىلىدىغان جايىڭىز قانچە پاكىز ۋە يېقىشلىق بولسا، ئىشنى باشلىشىڭىز ۋە داۋاملاشتۇرۇشىڭىزمۇ شۇنچە ئاسان بولىدۇ.

سۆرەلمىلىكتىن ۋاز كېچىشنىڭ (يەنى «پاقا»لارنى يەۋېتىشنىڭ) ۋە ھورۇنلۇقتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇللىرىدىن بىرى — خىزمىتىڭىز ئۈچۈن لازىم بولىدىغان بارلىق نەرسىلەرنى ئالدىن تەييارلىۋېلىشتۇر. ھەممە ئىشلار رەتلىك، تەرتىپلىك بولغاندا، قولىڭىزدىكى ئىشنى باشلاش ئىستىكىڭىز شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ.

قانچىلىغان ئىنساننىڭ كېرەكلىك نەرسىلەرنى تەييارلىيالمىغانلىقى ئۈچۈنلا، كىتاب يازالمىغانلىقىنى، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرەلمىگەنلىكىنى ۋە ھاياتىنى ئۆزگەرتكۈدەك ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمىغانلىقىنى بىلسىڭىز، چوقۇم قاتتىق ھەيران قالغان بولاتتىڭىز.

ھوللىۋودقا يېقىن بولغان لوس ـ ئانجېلىس شەھىرى، ئامېرىكانىڭ ھەر جايلىرىدىن كەلگەن ۋە نادىر سىنارىيە يېزىپ، ئۇنى فىلىم ستۇدىيەلىرىگە سېتىش خىيالىدا يۈرىدىغان ئىنسانلارنى ئۆزىگە تولىمۇ جەلب قىلىدۇ. بۇ ئىنسانلار قاتتىق بازار تاپىدىغان بىر سىنارىيە يېزىش خىيالىدا لوس ـ ئانجېلىس شەھىرىگە كېلىپ، بۇ يەردە يىللارچە ئېغىر ـ يېنىك ئىشلارنى قىلىپ جان كەچۈرىدۇ.

يېقىندا، «لوس ـ ئانجېلىس ۋاقىت گېزىتى» ۋىلشىر كوچىسىدىن ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن ئۇ يەرگە بىر مۇخبىر ئەۋەتكەن. بۇ مۇخبىر يولدىن ئۆتكەن ـ كەچكەنلەردىن «سىنارىيەنىڭ

ئىشى قانداقراق بولۇۋاتىدۇ؟» دەپ سورىغاندا، ھەر تۆت كىشىنىڭ ئۈچى بۇ سوئالغا «پۈتەيلا دەپ قالدى» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئەمما، ئېچىنىشلىق رېئاللىق شۇكى «پۈتەيلا دەپ قالدى» دېگەن گەپنىڭ «تېخى باشلىمىدىم» دېگەن مەنىدە بولۇش ئېھتىماللىقى ئىنتايىن يۇقىرى.

ئىشىڭىزنى باشلاشقا تەييار بولغاندا، مۇنەۋۋەر خىزمەت ئىپادىسىنىڭ بەدىنىڭىزدىمۇ ئىپادىلىنىشىگە سەل قارىماڭ. تىك ئولتۇرۇڭ، دولىڭىزنى ئۇستەلنىڭ ئارقىسىغا تىرىمەستىن، ئالدىڭىزغا ئازراق ئېڭىشىڭ. ئۈنۈمدار، خىزمەت ئۈنۈمى يۇقىرى ئادەمدەك كۆرۈنۈڭ. ئاندىن تۈنجى باسقۇچنى باشلاڭ ۋە ئۆز ـ ئۆزىڭىزگە: «باشلىدۇق ئەمسە!» دېگىنىڭىزچە، ئىشنى باشلاپ كېتىڭ. شۇنداقلا، باشلىغاندىن كېيىن، ئىشنى تاماملىمىغۇچە توختاپ قالماڭ.

ئۇ «پاقا»نى يەۋېتىڭ

ھەم خىزمەتتە، ھەم ئۆيىڭىزدە، ئۇستىلىڭىزگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىڭ. ئاندىن ئۆزىڭىزگە: «مۇشۇنداق بىر مۇھىتتا ئىشلەيدىغان ئادەم قانداق ئادەمدۇ؟» دەپ سوئال قويۇڭ.

خىزمەت مۇھىتىڭىز تېخىمۇ پاكىز ۋە پەيقىشلىق بولغانسېرى، ئۆزىڭىزنى تېخىمۇ ئىجابىي، ئۈنۈمدار ۋە ئىشەنچلىك ھېس قىلىسىز.

بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويماڭ! ئۇستىلىڭىزنى ۋە ئىشخانىڭىزنى تازىلاشقا بەل باغلاڭكى، ھەر قېتىم ئىش قىلىش ئۈچۈن ئولتۇرغاندا، ئىنتىلىشچان ۋە ئۈنۈمدار بولغايسىز.

2

«ئىقتىدارى ئادەتتىكىچە بولغان كىشىلەر مۇئەييەن مۇددەتتە پۈتۈن زېھنىنى مەلۇم بىر ئىشقا مەركەزلەشتۈرسە، كاتتا ئىشلارنى روياپقا چىقىرالايدۇ»

ــــ سەيمېل سمايلېس (Samuel Smiles)

سۆرەلمىلىكتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئەڭ ياخشى يوللىرىدىن يەنە بىرى، ئالدىڭىزدىكى قىلىش كېرەك بولغان كاتتا ئىشلارنى كاللىڭىزدىن چىقىرىۋېتىپ، نۆۋەتتە تاماملىغىلى بولىدىغان كىچىك قەدەملەرنى بېسىشتۇر. چوڭ بىر «پاقا»نى يەۋېتىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى ئۇنى بىر چىشلەم، بىر چىشلەمدىن يەپ تۈگىتىشتۇر.

قەدىمكىلەردىن بىرى «مىڭ چاقىرىملىق سەپەر بىر قەدەمدىن باشلىنىدۇ» دېگەنىكەن. بۇ ھورۇنلۇقتىن قۇتۇلۇپ، تېز سۈرئەتتە ئىلگىرىلەش جەھەتتىكى ئاجايىپ ئىستراتېگىيەدۇر.

ئۇزۇن يىللار ئىلگىرى، سەھرايى كەبىر چۆلىنىڭ ئالجىرىيەگە تەۋە بولغان، «تانەزرۇفت» (Tanezruft) دېيىلىدىغان بىر بۆلىكىدىن ئۆتكەنىدىم. فىرانسۇزلار بۇ يەرنى تەرك ئەتكىلى تولىمۇ ئۇزۇن زامانلار بولغان بولۇپ، ماي پونكىتلىرىمۇ قۇرۇق خارابىگە ئايلىنىپ قالغانىدى.

چۆللۈكنىڭ بۇ بۆلىكى شۇ قەدەر كەڭ ئىدىكى، بىرەر تال گىياھنى، ھەتتا بىرەر تال چىۋىننىمۇ ئۇچراتماستىن، 600 كىلومېتىر يول يۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. زېمىن شۇ قەدەر تۈز ئىدىكى، قارىماققا خۇددى ئۇپۇق تامان يېيىلغان، سېرىق رەڭلىك، قۇمدىن ياسالغان ماشىنا توختىتىش مەيدانىغا ئوخشايتتى.

نۇرغۇن قېتىم، يول ئىزىنى كۆمۈۋېتىدىغان كۆچمە قۇملار، يولۇچىلارنىڭ كېچە قاراڭغۇلۇقىدا يوقاپ كېتىشىگە سەۋەب بولغانىدى. فىرانسۇزلار بۇ يولدىكى مۇشۇ خىل جۇغراپىيەلىك يېتەرسىزلىكلەرنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، ھەر بەش كىلومېتىرغا بىردىن، يۈز لىتىرلىق، قارا رەڭلىك تۆمۈر ماي باكلىرىنى تىكلەپ قويغانىدى. تۈز زېمىندىكى ئۇپۇق سىزىقى بەش كىلومېتىردا تۈگەيدىغان بولغاچقا، بىز كۈندۈزنىڭ ھەرقانداق ۋاقتىدا، پەقەت ئىككى تاللا تۆمۈر باك كۆرەلەيتتۇق. بىرى بايىلا يېنىدىن ئۆتكەن باك، يەنە بىرى بەش كىلومېتىر يىراقلىقتىكى باك ئىدى.

قىلىشىمىز كېرەك بولغان بىردىنبىر ئىش ئالدىمىزدىكى باكقا قاراپ ئىلگىرىلەش ئىدى. نەتىجىدە، «ھەر قېتىمدا بىر باكنى نىشان قىلىش» ئارقىلىق دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ چۆلنى كېسىپ ئۆتۈشكە مۇۋەپپەق بولغانىدۇق.

دەل شۇنىڭدەك، سىزمۇ ھاياتىڭىزدىكى ئەڭ كاتتا ئىشنى، مۇئەييەن بىر مۇددەتتە يالغۇز بىرلا قەدەم بېسىش ئارقىلىق روياپقا چىقىرالايسىز. قىلىشىڭىز كېرەك بولغىنى كۆزىڭىز يەتكەن يەرگىچە ئىلگىرىلەشتۇر. شۇنىڭدىن كېيىنكى قەدەمنى يەنە ئۇپۇقتىكى نىشان (ماي باكى)غا قاراپ بېسىڭ.

شانلىق ھايات ۋە كەسپىي ئۇتۇقلار، بىر ۋاقىتتا، پەقەت بىرلا ئىشنى ئەڭ ياخشى شەكىلدە قىلىش (تۇنجى ماي باكىغا يېتىپ بېرىش) ئارقىلىق باشلانغان؛ ئاندىن، شۇنىڭدىن كېيىنكى باسقۇچقا ئۆتۈش (ئىككىنچى ماي باكىغا قاراپ مېڭىش) ئارقىلىق زورايغان.

ئىقتىسادىي ھۆرلۈككە ئېرىشىش ئۈچۈن، ئايمۇ ئاي، يىلمۇ يىل ئاز ـ ئازدىن پۇل يىغىشقا توغرا كېلىدۇ. ساغلام بولۇش ئۈچۈنمۇ ھەر كۈن ۋە ھەر ئايدا تېخىمۇ ئازراق بىر نەرسە يېيىش ۋە تېخىمۇ كۆپ چېنىقىش كېرەك بولىدۇ.

تۇنجى قەدەمنى بېسىش ئارقىلىق نىشانىڭىزغا بارىدىغان يولنى باشلاڭ ۋە شۇنىڭدىن كېيىنمۇ بىر ۋاقىتتا پەقەت بىرلا ئىشنى قىلىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز، ھورۇنلۇقتىن قۇتۇلۇپ، پەۋقۇلئاددە ئىشلارنى روياپقا چىقىرالايسىز.

ئۇ «پاقا»نى يەۋېتىڭ

ھازىرغا قەدەر كېچىكتۈرۈپ كەلگەن ھەرقانداق بىر نىشاننى، ئىشنى ياكى پروجېكتنى قولىڭىزغا ئېلىڭ ۋە ھازىرنىڭ ئۆزىدە شۇنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن تۇنجى قەدەمنى بېسىڭ.

بەزىدە ئىشنى باشلاش ئۈچۈن، شۇ ئىشنى تاماملىغانغا قەدەر زۆرۈر بولغان باسقۇچلارنىڭ تىزىملىكىنى تۈرگۈزۈشىڭىز يېتەرلىكتۇر.

ئاندىن، شۇ ئىشقا قەدەم ئېلىڭ ۋە تىزىملىكتىكى تۇنجى ئىشنى تاماملاڭ. ئاندىن يەنە بىرنى، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىرنى ... تۈگىتىڭ. ئەڭ ئاخىرىدا، روياپقا چىقارغان ئىشلىرىڭىزغا ئۆزىڭىزمۇ ھەيران قالىسىز.

«ئۇ پاقىنى يەۋېتىڭ» ناملىق ئەسەردىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى



# بىر ئىنقىلابچىنىڭ ھەسرىتى

ئىلشات ھەسەن

# بىر ئىنقىلابچىنىڭ ھەسرىتى[1]

ئىلشات ھەسەن

3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى، چۈشتىن كېيىن ۋاقىتلىرى بولسا كېرەك، ئىشخانىدا پۈتۈن دىققىتىم بىلەن ھۆججەت رەتلەۋاتاتتىم، تۇيۇقسىز تېلېفونۇم سايراپ كەتتى. تېلېفوننى ئېلىۋىدىم، «نيۇيوركلۇق» (NewYorker) ژۇرنىلىنىڭ مۇخبىرىدىن كەلگەنىكەن.

سالام ـ سەھەتتىن كېيىن، مۇخبىر سەل ئىككىلىنىپرەك: «بىر ماقالە بار ئىدى، ئېلان قىلىنىشتىن بۇرۇن سىزگە بىر ئىشنى ئېيتماقچى ئىدىم، ئىدىيەڭىزدە تەييارلىق بولۇپ قالار» دېدى. شۇئان يۈرىكىم بوغۇزۇمغا قاپلىشىپ قالغاندەك بولدۇم ۋە گەپ قىلالماي، جىممىدە تۇرۇپ قالدىم. مۇخبىرمۇ بىر ئاز تۇرۇۋېتىپ: «ئاڭلاۋاتامسىز؟» دېدى.

«ئاڭلاۋاتىمەن، دەۋېرىڭ» دېدىم مەن.

«مۇنداق گەپ. بىزنىڭ تەكشۈرۈشىمىز ۋە گۇۋاھچىلار بىلەن ئۆتكۈزگەن زىيارىتىمىزدىن مەلۇم بولۇشىچە، چوڭ سىڭلىڭىز، ئىككىنچى سىڭلىڭىز، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئېرى ۋە چوڭ قىزى بىردەك كۆيتۇن جازا لاگېرىدا ئىكەن. ئىككىنچى سىڭلىڭىزنىڭ يۈرەك كېسىلى بولغاچقا، دائىم ھوشىدىن كېتىدىكەن. ھەر قېتىم، شۇنداق ئىش يۈز بەرگەندە، ساقچىلار ھېچقايسى تۇغقىنىڭىزنىڭ ياردەملىشىشىگە يول قويماستىن، سىڭلىڭىزنى سۆرەپلا ئەچىقىپ كېتىدىكەن. چوڭ سىڭلىڭىزمۇ روھىي جەھەتتىن تۈگىشىپلا كەتكەنمىش ... ئاڭلاۋاتامسىز؟».

«ئاڭلاۋاتىمەن» دېدىم ـ يۇ، ئاۋازىمنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى ۋە شۇنچىكى تىترەپ چىقىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم.

«گۇۋاھچىلارنىڭ ئېيتىشىچە، جازا لاگېرىنىڭ رەھبىرى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا سىڭلىلىرىڭىزغا <سىلەرنىڭ مەسىلەڭلەر ئاكاڭلار! ئاكاڭلار ئۆلسە، مەسىلەڭلار ئاندىن ھەل بولىدۇ> دەپتۇمىش».

مۇخبىرنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى تەسەللى سۆزلىرىگە تەكەللۇپ يۈزىسىدىنلا «بولىدۇ، بولىدۇ، چاتاق يوق، خاتىرجەم بولۇڭ» دەپ گەپنى تۈگەتتىم. تېلېفوننى قويۇۋەتكەندىن كېيىن، جايىمدا قانچە ئۇزۇن ئولتۇرغىنىمنى بىلمەيمەن. يىغلىغۇم كېلەتتى ـ يۇ، يىغلىيالمايتتىم. يۈرىكىم ئاغرىۋاتاتتى، ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدنى ئۆرتەيدىغان، ئاجايىپ ئېغىر ئاغرىق ئىدى.

---

[1] ماۋزۇ تەھرىر تەرىپىدىن قويۇلدى

لاگېر مەسئۇلىنىڭ «سىلەرنىڭ مەسىلەڭلەر ئاكاڭلار! ئاكاڭلار ئۆلسە، مەسىلەڭلار ئاندىن ھەل بولىدۇ» دېگەن سۆزى قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلايتتى. مەن ياشىغان مۇددەتتە، ئاتا ـ ئانام، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىم خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تۇتقۇنلىرى ئىدى. خىتاي ھۆكۈمىتى مېنىڭ ئاتا ـ ئانام، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمنى لاگېرلارغا سولاپ قىيناش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەندەك بىر «قاچقۇن»نىمۇ روھىي جەھەتتىن قىيناۋاتاتتى.

چوڭ سىڭلىم ماڭا قەۋەتلا ئامراق ئىدى. ۋەتەندىكى چاغلىرىمدا، ئۇنى كۆرگىلى بارسىلا، يانچۇقۇمغا پۇل تىقىپ، «سىزدەك ‹مۇئەللىملەرنىڭ مائاشى يۇقىرى بولمايدۇ، سىز كىتابقا ھېرىسمەن ئادەم، بۇ ‹پارچە پۇل›لارغا كىتاب سېتىۋالارسىز» دەيتتى. مەن چەتئەلگە چىقىپ بىرەر يىلچە بولغاندا، ئۇ ئېرى بىلەن ئاجرىشىپ، ئىككى بالىسىغا ئۆزى يالغۇز قاراۋاتقان بولغاچقا، تۇرمۇشى بەكلا جاپالىق ئىدى.

شۇ ۋەجىدىن، مەن ئامېرىكاغا كېلىپ، ھال ـ ئەھۋالىم ياخشىلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا بىر قانچە قېتىم پۇل ۋە پوسۇلكا ئەۋەتكەنىدىم. كېيىن ئۇ (مەن ئەۋەتكەن) پۇلنى ئېلىشنىڭ پەۋقۇلئاددە تەسلىشىپ كەتكەنلىكىنى يوپۇتۇپ ئېيتتى. كېيىن ئۇنىڭ قىزى بىر خاتىرە كومپيۇتېر ئالغۇسى بارلىقىنى ئېيتقانىكەن، سىڭلىم ئامالسىز ماڭا ئېغىز ئېچىپ، كومپيۇتېردىن بىرەرنى ئەۋەتىپ بېرەلەيدىغان ـ بېرەلمەيدىغانلىقىمنى سورىۋىدى، مەن «چاتاق يوق» دېدىم.

مەن ھەر تەرەپتىن سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ، تېكساستىكى بىر دوستۇمنىڭ تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن ۋەتەنگە قايتىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم ـ دە، ئۇنىڭدىن كومپيۇتېردىن بىرنى ئالغاچ كېتىشىنى ئۆتۈندۈم. ئۇمۇ ماقۇل بولدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن ئۇدۇل تېكساستىكى ئاشۇ دوستۇمنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتىلىدىغان قىلىپ، توردىن خاتىرە كومپيۇتېردىن بىرنى زاكاس قىلدىم. دوستۇم كومپيۇتېرنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، قۇتىسىنى ئېچىپ باقمايلا ئۈرۈمچىگە ئەكەتتى.

كېيىن شۇنىڭدىن خەۋەر تاپتىمكى، ئايرودرومدا ساقلاپ تۇرغان جىيەن قىزىم كومپيۇتېرنى ئېلىپ، دوستۇمغا رەھمەت ئېيتىپ بولۇپ ئايرودرومدىن چىقىشىغىلا، ئىككى ساقچى ئۇنى ئاللىقاياقلارغا ئەكېتىپتۇ. مەن جىيەن قىزىمنىڭ شۇ يەردە «بىر ئاز» ھايال بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم ـ يۇ، ئەمما، بۇ «بىر ئاز» بىر نەچچە سائەتمۇ، بىر ـ ئىككى كۈنمۇ ياكى بىر ـ ئىككى ھەپتىمۇ، بۇنىڭدىن خەۋىرىم يوق.

2014 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، سىڭلىم ئۆيىدىن تۇتۇپ كېتىلىپتۇ. مەن پەقەت ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە چالا قويماي ئاختۇرۇلغانلىقىدىن، ھەتتا كىچىك جىيەنىمنىڭ ئۈستەل كومپيۇتېرىنىڭمۇ ئېلىپ كېتىلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتىم. شۇنداقلا، ساقچى ئىككىنچى سىڭلىم ئارقىلىق

«ئاكاڭ پائالىيەتلىرىنى توختاتسۇن، بولمىسا ... » دەپ، ماڭا گەپ ئەۋەتىپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۈچ سىڭلىم بىلەن بولغان ئالاقەم تەلتۆكۈس ئۈزۈلدى.

ئىككىنچى سىڭلىمنىڭ مىجەزى تۈز، كەسكىن، گېپى يوللۇقلا بولسا، ھېچكىمدىن تارتىنىپ ئولتۇرمايدىغان تىپتىن ئىدى. خىتاي تىلىنىمۇ ناھايىتى ياخشى بىلەتتى. ئۇنىڭ خاراكتېرى مېنىڭكىگە ئوخشاپ كېتەتتى، ناھەقچىلىكلەرنى كۆرسە چىداپ تۇرالمايتتى. ئۇ تۆمۈر يول ساھەسىدە ئىشلەيدىغان بولۇپ، بۇ تامامەن خىتايلار تەرىپىدىن مونوپول قىلىنغان، ئۇيغۇرلار ئوچۇق ـ ئاشكارا كەمسىتىشكە ئۇچرايدىغان ساھە بولغاچقا، ئىككىنچى سىڭلىم (مۇشۇ خىل ناھەقچىلىكلەرگە ئېتىراز بىلدۈرگەنلىكى سەۋەبلىك) نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ، جۈملىدىن رەھبەرلىرىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويغانىدى.

پەرىزىمچە، ئىككىنچى سىڭلىمنىڭ ئەڭ چوڭ «جىنايەت»لىرى، ئالدى بىلەن، تولىمۇ يۈرىكى كىچىك، ئەمما مەن سەۋەبلىك سىياسىي قالپاق كىيگۈزۈلگەن چوڭ سىڭلىمنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوغداشقا ئۇرۇنغانلىقى؛ ئىككىنچىدىن، ھاكىمىيەتنىڭ نوپۇزىغا جەڭ ئېلان قىلالايدىغان بىر ئاكىسى بولغانلىقتىن پەخىرلەنگەنلىكىدۇر. يەنە كېلىپ، ئۇ ئىلگىرى خېلى كۆپ سورۇنلاردا بۇ خىل ئىپتىخارىنى ئاشكارا ئىپادىلىگەنىدى.

چوڭ سىڭلىم تۇتۇپ كېتىلگەندىن ئېتىبارەن، دائىم ئۇنىڭ مىڭىبىر جاپادا قامداشقا ئۇرۇنۇۋاتقان ئائىلىسىنى ۋەيران قىلىۋەتكەندەك ئويلاپ، ئۆزۈمنى جىنايەتچىدەك ھېس قىلاتتىم.

2016 ـ يىلى، ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئاپام بىلەن تېلېفون سۆزلەشكەن چېغىمدا، ئاپام: «ئۈچىلا سىڭلىڭىزنىڭ بالىلىرى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن خىزمەت تاپالمىدى. چوڭ جىيەن قىزىڭىز خىزمەت تاپقان بولسىمۇ، بىر نەچچە ئايدىن كېيىن سەۋەبسىزلا ئىشتىن بوشىتىۋېتىلدى. باش ئاغرىقىمىز بەك كۆپ، بالام، دادىڭىزمۇ ئۆز ۋاقتىدا ئىنىڭىزنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىگە، سىڭلىڭىزنىڭ تۇتۇلغىنىغا چىدىيالماي، ياشلا تۈگەپ كەتكەنىدى! ئەمدى بىزگە تېلېفون قىلماڭ، ئاللاھقا ئامانەت، بالام» دېگەنىدى.

ئاپامنىڭ شۇ قېتىمقى سۆزلىرى مېنى ئىزچىل قىيناپ، ئۆكۈندۈرۈپ كەلدى. گەرچە، مەن بۇنىڭغا مۇستەملىكچى، نومۇسسىز خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ سەۋەبچى ئىكەنلىكىنى، شۇ مۇستەملىكچى ھۆكۈمەتنىڭ گويا قارا جەمئىيەت كەبى مېنىڭ ئائىلەمدىكىلەرنى گۆرۈگە ئېلىۋالغانلىقىنى بىلسەممۇ، لېكىن مەن ئۆزۈم ئۇلارنىڭ تۇغقانلىرىمغا زىيانكەشلىك قىلىپ قويغانلىق تۇيغۇسىدىن پەقەتلا قۇتۇلالمىدىم. بۇ خىل جىنايەتكارلىق تۇيغۇسى مېنى ئىچ ـ ئىچىمدىن يەپ كېتىۋاتاتتى.

بىر قانچە ئاي ئىلگىرى يەھۇدىي قەتلىئامىنى تېما قىلغان، «سارانىڭ ئاچقۇچى» ناملىق بىر فىلىم كۆرگەنىدىم. بۇ فىلىمدە 1942 ـ يىلى گېرمانىيە ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى فرانسىيەدە ساقچىلارنىڭ

يەھۇدىيلارنى تۇتۇپ، سۇرگۈن قىلىۋاتقانلىقى سۆزلەنگەندى. ساقچىلار سارانىڭ ئۆيىگە ئۇلارنى تۇتقىلى كەلگەندە، ساددا سارا كىچىك ئۇكىسىنى ئىشكاپقا سولاپ، ئىشكاپنى تېشىدىن قۇلۇپلاپ، ئاچقۇچىنى ئېلىۋالىدۇ. چۈنكى، ئۇ يەنە قايتىپ كېلەلەيمىز دەپ ئويلايدۇ. لېكىن، تولىمۇ ئەپسۇس، ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىۋېتىلگەن سارا مىڭبىر جاپادا بالىلار لاگېرىدىن قېچىپ چىققاندىن كېيىن، ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ ياردىمىدە، ئىنىسىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن پارىژغا قايتىپ كېلەلىگەن بولسىمۇ، ئەمما بىردىنبىر تۇغقىنى بولغان ئىنىسى ئاللىقاچان ئىشكاپتا ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالغانىدى.

گەرچى سارا ئاق كۆڭۈل فىرانسۇز ئائىلىسىنىڭ ياردىمىدە، ناتسىستلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قۇتۇلۇپ، پارىژنىڭ (ناتسىستلاردىن) ئازاد بولغانلىقىنى كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولغان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇ ئىزچىل چۈشكۈنلۈك ئىچىدە ياشاپ، ئۆزىنى كەچۈرۈۋېتەلمەيدۇ. ئاشۇ خىل جىنايەتكارلىق تۇيغۇسى، ئۆزىنى ئەيىبلەش، ئۆكۈنۈش ئۇنى چىرمىۋالىدۇ.

كېيىن، پارىژدىكى بۇ كەچمىشنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئۇ ئۆزىنى بېقىۋالغان ئاتا - ئانىسى بىلەن ۋىدالىشىپ، ئامېرىكاغا كۆچۈپ كېتىدۇ، شۇنداقلا بۇ يەردە توي قىلىپ، بالىلىقمۇ بولىدۇ. لېكىن، قەلبىدىكى جىنايەتكارلىق تۇيغۇسىدىن، ئۆكۈنۈشتىن يەنىلا قۇتۇلالمايدۇ - دە، نەتىجىدە، ئۇماق ئىنىسى ۋە قەتلىئام لاگېرىدا غايىپ بولغان ئاتا - ئانىسى بىلەن جەم بولۇش ئۈچۈن، ماشىنىسىنى بىر يەرگە سوقۇپ، بۇ دۇنيادىن ئايرىلىدۇ.

تولىمۇ ئېچىنىشلىقى شۇكى، بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار باشقا بىر شەكىلدە، يەھۇدىي قىز سارانىڭ تراگېدىيەسىگە دۇچار قىلىنماقتا. گەرچە ئۇيغۇرلاردا ئىشكاپقا سولاپ قويۇلغان ئىنىسى ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتكەن ئەھۋال كۆرۈلگەنلىكى مەلۇم بولمىسىمۇ، لېكىن ئاتا - ئانىسى تۇتقۇن قىلىنغان سەبىي بالىلارنىڭ گاھى توڭلاپ، گاھى سۇغا غەرق بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرلەردىن بىر نەچچىسىگە شاھىت بولدۇق.

مېنىڭ ئۈچ سىڭلىم بار، چوڭ سىڭلىمنىڭ ئىككى بالىسى بار، مەن ئۇلارنىڭ قەيەردىلىكىنى، ھەتتا ئۆلۈك - تىرىكلىكىنىمۇ بىلمەيمەن. مەن پەقەت چوڭ سىڭلىمنىڭ 2014 - يىلى تۇتۇپ كېتىلگەنلىكىنى، ئاتا - ئانىسىز قالغان ئىككى بالىسىنىڭ جەبىر - جاپالار ئىچىدە، ئاران - ئاران جان كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلىمەن.

«نيۇيوركلۇق» ژۇرنىلى مۇخبىرىنىڭ ئېيتىشىچە، ئىككىنچى سىڭلىمنىڭ چوڭ قىزى شۇلار بىلەن بىللە جازا لاگېرىغا قامالغان بولۇپ، كىچىكىنىڭ ئىز - دېرىكى نائېنىق.

كىچىك سىڭلىمنىڭمۇ ئىككى بالىسى بار بولۇپ، ئۇ ئاپام بىلەن قۇمۇلدا ياشايتتى. ھازىر چوڭلارنىڭمۇ، بۇ بالىلارنىڭمۇ ئىز - دېرىكى يوق، بۇلارنىڭمۇ ئۆلۈك - تىرىكلىكىنى بىلمەيمەن.

مەن ئاتا ـ ئانام، ئىنى ـ سىڭىللىرىمنىڭ بۇ قەدەر سورۇقچىلىققا ئۇچرىشىنىڭ ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر بولغانلىقى ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. مەن خىتاي ھۆكۈمىتىگە ئىتائەت قىلىپ ياشىغان تەقدىردىمۇ، بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار قارىقويۇق تۇتقۇن قىلىنىۋاتقان، ھەتتا ئىلگىرى كومپارتىيەگە سادىق ئۆتكەن ئۇيغۇرلارمۇ ئاياپ قويۇلمايۋاتقان ۋەزىيەتتە، مەن ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىم يەنىلا جازا لاگېرلىرىغا سولىنىش، ئۆلتۈرۈلۈش قىسمىتىدىن قۇتۇلالماسلىقىمىز تامامەن مۇمكىن ئىدى.

خۇددى يەھۇدىي قىز سارانىڭ مىسالىدىكىدەك، ئۇنىڭ ئىنىسى ئىشكاپتا ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتمىگەن تەقدىردىمۇ، ناتسىستلارنىڭ جازا لاگېرلىرىدىن، زەھەرلىك گازخانىلىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالماسلىقى ئېنىق ئىدى.

ھالبۇكى، چەتئەلدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار گويا ئاشۇ فىلىمدىكى ساراغا ئوخشاشلا، يەرەكلىرىنىڭ قات ـ قېتىدىكى جىنايەتكارلىق ۋە ئۆكۈنۈش تۇيغۇسىدىن قۇتۇلالمايۋاتىدۇ. ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمىزنىڭ يوقاپ كېتىشى، تۇتقۇن قىلىنىشى ئەسلىدىنلا بىزلەرنى ئائىلە سورۇقچىلىقىنىڭ دەردىگە مۇپتىلا قىلغان بولسا، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ «سەن تاز دېگۈچە مەن تاز دەي» دېگەندەك، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمىزنىڭ بىزنىڭ چەتئەلدە ھۆرلۈك، ئىززەت ـ غۇرۇر مۇجادىلىسى قىلغانلىقىمىز، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمىزنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلغانلىقىمىز سەۋەبلىك تۇتۇلغانلىقىنى دەۋا قىلىشى، ئېچىشقان يەرگە تۇز سەپكەنلىك بولۇپ، ھەربىر ئۇيغۇرنىڭ دەردىگە دەرت قوشماقتا.

ئۇزۇن كېچىلەردە، قانچىلىغان ئۇيغۇر پەرزەنتلەر ۋە ئاتا ـ ئانىلار ئۇن ـ تىنسىز ياش تۆكىدۇ؟ ئۇزۇن كېچىلەردە، قانچىلىغان ئۇيغۇر پەرزەنتلەر ۋە ئاتا ـ ئانىلار ئۇيقۇسىزلىقتىن پۇچۇلىنىدۇ؟ ئۇزۇن كېچىلەردە، قانچىلىغان ئۇيغۇر پەرزەنتلەر ۋە ئاتا ـ ئانىلار ئۆزلىرىنى چىرمىۋالغان جىنايەتكارلىق تۇيغۇسىنىڭ ئىسكەنجىسىدە، ئۆزىنى ئەيىبلەپ، ئۆكۈنۈپ چىقىدۇ؟ بۇ ھەسرەتنى، بۇ قىيناقنى، بۇ ھېسسىياتنى پەقەت باشتىن كەچۈرۈپ باققانلارلا بىلەلەيدۇ.

مەن يەھۇدىي قەتلىئامىدىن ئامان قالغان ساراغا ئوخشاش ماشىنامنى ئاللىقەيەرلەرگە سوقۇپ ئۆلۈۋالمايمەن. لېكىن، بۇ خىل جىنايەتكارلىق ۋە ئۆكۈنۈش تۇيغۇسى روھىيىتىمنى پۇچىلاپ، ھاياتىمنى ئاستا ـ ئاستا نابۇت قىلماقتا. مەنچە، بىز قاچقۇنلار ياكى ئامان قالغۇچىلار پەقەتلا ئائىلىمىزدىكىلەر بىلەن جەم بولىدىغان ئاشۇ مۆجىزىنى كۈتۈپ ياشاۋاتىمىز.

خىتايچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.rfa.org/mandarin/pinglun/jujiaoweiwuer/ylxt_04262021132726.html



# ھەدىس ھەققىدە بايانلار

ھاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

# ھەدىس ھەققىدە بايانلار

ھاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

## ھەدىس شەرىپلەر خاتىرىلەنگەن ئەڭ نوپۇزلۇق كلاسسىك كىتابلارنىڭ تۇنجىسى مۇۋەتتا ۋە ئىمام مالىك ھەققىدە

**خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزدىن باشلانغان ھەدىس شەرىپلەرنى خاتىرىلەش ھەرىكىتى چارەك ئەسىردىن كېيىن ئۇنۇم بېرىشكە باشلىغان بولسا، ساق يۈز يىل ئۆتكەندىن كېيىن ھوسۇل بېرىشكە باشلىدى. شۇنداق قىلىپ، ئىسلامىيەت تارىخىدىكى ھەدىس شەرىپلەر فىقھى تەرتىپ بويىچە توپلانغان تۇنجى مۆتىۋەر ھەدىس كىتابى «مۇۋەتتا»نى ئىمام مالىك ئىبنى ئەنەس يېزىپ چىقتى.**

**«مۇۋەتتا» ناملىق كىتاب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى، ساھابىلەرنىڭ سۆزلىرى ۋە تابىئىلارنىڭ پەتىۋالىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ كىتاب پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرىنى فىقھى بابلىرى بويىچە تۈرگە ئايرىغان، ئەڭ دەسلەپ مەيدانغا كەلگەن ئانا ھەدىس كىتابلار جۈملىسىدىن ھېسابلىنىدۇ.**

**ئىمام مالىك بۇ كىتابى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ كىتابىمنى تۈزۈپ چىقىپ، مەدىنىلىك فەقىھلەردىن يەتمىش ئالىمغا كۆرسەتتىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسى كىتابىمنى قوللاپ قۇۋۋەتلىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ كىتابىمغا <مۇۋەتتا> دەپ ئىسىم قويدۇم.»**

**ئىمام مالىك مۇۋەتتانى تۈزۈشكە ۋە تولۇقلاپ تۈزىتىپ چىقىشقا قىرىق يىل ۋاقىت سەرپ قىلغان. ئىمام سۇيۇتى مۇۋەتتاغا يازغان مۇقەددىمىسىدە بۇ ھەقتە (ئىمام مالىكنىڭ شاگىرتلىرىدىن بىرىنىڭ) مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ:«بىز مۇۋەتتانى ئىمام مالىكنىڭ ئالدىدا 40 كۈندە تۈگەتكەندۇق. ئىمام بىزگە <مەن قىرىق يىلدا يېزىپ چىققان كىتابنى قىرىق كۈندە ئوقۇپ ئۆتكۈزدۈڭلار.>»**

سەھھۇل بۇخارى ۋە سەھھۇل مۇسلىم يېزىلىشتىن بۇرۇن، مۇۋەتتا سەھىھ ھەدىسلەرنىڭ بىرىدىنبىر مەنبەسى بولغان. ئۇنىدىن باشقا مۇۋەتتا نوقۇللا ھىجرەت يۇرتىنىڭ پېشۋاسى، ھىجازنىڭ تونۇلغان ئالىمى، ھەدىس تەھقىقلىگۈچى مۇھەددىس ئىمام مالىكنىڭ ئەسىرى بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئىلمىي قىممىتى ئىمام مالىكنىڭ 40 يىللىق جاپالىق ئىلمىي ئەمگىكىنىڭ يارقىن نەتىجىسى، ھەدىسخۇمارلارنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرىدىغان شىرىن مېۋىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئەل ئىچىدە داڭ چىقارغان. تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، مۇۋەتتا ھەدىسلىرىنى مىڭدىن ئارتۇق ئادەم بىۋاسىتە رىۋايەت قىلغان. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىمام شافىئىي، ئىمام مۇھەممەد ھەسەن شەيبانى، ئىبنى ۋەھب قاتارلىق فىقھشۇناسلارمۇ، يەھيا ئىبنى سەئىد قەتتانى، ئىبنى مەھدى، ئابدۇرەززاق ئىبنى ھۇمام قاتارلىق مۇھەددىسلەرمۇ، ھارۇن رەشىد، ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى ئەمىن، مەئمۇن قاتارلىق خەلىپىلەرمۇ بولغان. ئىبنۇل ئەرەبى «ھەدىس كىتابلىرىنىڭ دەسلەپكى ئاساسى مۇۋەتتا بولغان» دېگەن. بۇرۇنقى ئۆلىمالارنىڭ مۇۋەتتا كىتابى بىلەن ھەپىلىششى، مۇۋەتتا ئۈستىدە توختىلىشى، ئۇنىڭ سۆزلۈكلىرىنى، مەسىلىلىرىنى شەرھىلىشى، ھەدىسلىرىنى ئۆگىنىشكە بېرىلىشى مۇۋەتتانىڭ شۆھرىتىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرگەن. ھەتتا ئاببasىيلارنىڭ ئەڭ قۇدرەتلىك خەلىپىلىرىدىن مەنسۇر بىلەن ھارۇن رەشىد پۈتۈن ئەھكام ۋە پەتىۋالاردا باشقا كىتاب بويىچە ئەمەس، بەلكى مۇۋەتتادىكى ھۆكۈملەر بويىچە ھۆكۈم چىقىرىشنى پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا بۇيرۇق شەكلىدە تاپشۇرماقچى بولغان. بىراق ئىمام مالىك كەمتەرلىك بىلەن بۇ تەكلىپلەرنى رەت قىلغان. شۇڭلاشقا «مۇۋەتتا» ئىمام مالىك ھايات چېغىدىلا كىشىلەر تەرىپىدىن كەڭ ئالقىشلىنىپ ۋە ھەر تەرەپكە تارقىلىپ، كۆپلىگەن كىشىلەر تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنىپ، زور نوپۇز قازانغان. ئۇنىدىن سىرت، مۇۋەتتاغا نۇرغۇن ئالىملار تەرىپىدىن شەرھلەر يېزىلغان.

ئىمام مالىك مۇۋەتتانى يۈز مىڭ ھەدىس ئىچىدىن تاللاپ يېزىپ چىققان. مۇۋەتتا ساناقسىز كىشىلەر تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىكى ھەدىسلەرنىڭ سانى ئوخشىمىغان نۇسخىلاردا ئوخشاش ئەمەس. ئەڭ ئىشەنچلىك ۋە كۈچلۈك قاراشتا ئۇنىڭدىكى ھەدىسلەر 1720 دەپ تەخمىن قىلىنغان. ھەدىسنىڭ تۈرى بويىچە ھېسابلىغاندا، ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇسنەد ھەدىس 600، مۇرسەل ھەدىس 222، مەۋقۇف ھەدىس 613 بولۇپ، تابىئىنلارنىڭ سۆزلىرى 285 تۈر. مۇئەللىپ ئىمام مالىك ھەدىس ئالىملىرىنىڭ ئۇستازى، ئەھلى سۈننەتنىڭ مەشھۇر تۆت فىقھىي مەزھىپىنىڭ بىرى بولغان مالىكىيە مەزھىپىنىڭ ئاساسچىسى ۋە ئىمامىدۇر. ئۇنىڭ فامىلىسى ئەبۇ ئابدۇللاھ بولۇپ، بوۋىسى ئەبۇ ئامىرنىڭ پەيغەمبىرىمىز ھۇزۇرىدا ھەمسۆھبەتتە بولغانلىقى، يەنى ساھابە ئىكەنلىكى قەيت قىلىنىدۇ.

ئىمام مالىكنىڭ بوۋىسى، يەمەندىكى بەزى ۋالىيلاردىن شىكايەت قىلىپ مەدىنەگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ئۇ كىچىك ۋاقتىدىلا نافىئ ئەبۇ ئابدۇللاھ، ئىمام زۆھرى قاتارلىق ئۇلۇغ تابىئىنلاردىن ھەدىس ئۆگەنگەن. شۇ دەۋرنىڭ ئەڭ نوپۇزلۇق ئالىملاردىن ساناقسىز كىشىلەر ئىمام مالىكتا

ئوقۇغان. كېيىنچە ھەدىسلەر ھەققىدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق ئالتە كىتابنىڭ ئاپتورلىرىمۇ ئىمام مالىكتا تەلىم ئالغان ئالىملاردا ئوقۇغان. دېمەك، ئالتە مەشھۇر سەھىھ ھەدىسلەر كىتابلىرىنىڭ ئاپتورلىرى ئىمام مالىكنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ شاگىرتلىرىدۇر. ئىمام شافىئىي ئۇستازى ئىمام مالىكقا باھا بېرىپ شۇنداق دېگەن: «ئەگەر ئىمام مالىك بىلەن سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە بولمىغان بولسا، ھىجاز زېمىنىدا ئىلىم قالمىغان بولاتتى.» ئۇنىدىن باشقا ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىمام مالىك ھەققىدە سورىغان «ئىمام مالىكتەك ئالىم ۋە فازىل كىشىنى كۆرگەنمىدىڭىز؟» دېگۈچىلەرگە شۇنداق جاۋاپ بەرگەن: «ئۇنىڭدەك فازىل زاتلارنى كۆرۈش ۋە ئۇزۇن ھەمسۆھبەت بولۇش بىزگىلا ئەمەس، بىزنىڭ مۆتىۋەر ئۇستازلىرىمىزغىمۇ نېسىپ بولمىغان.» تارىخچىلار، بولۇپمۇ مۇھەددىسلەر ئىمام مالىكنىڭ تەرجىمىھالى ھەققىدە مۇستەقىل كىتابلار يازغان. ئەبۇ بەكرى ئەھمەر ئىبنى مەرۋان، ئىسا ئىبنى مەسئۇد، جالالىددىن سۇيۇتى قاتارلىقلارنىڭ بۇ ھەقتە يازغان كىتابلىرى شۇلار ئىچىدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق تارىخىي تەرجىمىھاللاردۇر. ئۇلارنىڭ ئىنچىكە سۈپەتلەپ بېرىشىچە، ئىمام مالىك قامەتلىك، ئاق يۈزلۈك، بېشى يوغانراق تەمبەل زات ئىدى. ئۆزى تەمكىن ۋە سالاپەتلىك بولۇپ، ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى نوپۇزلۇق ئالىملار ۋە ساناقسىز ئىلىم ئاشىقلىرى بۇ زاتنىڭ ھۇزۇرىغا ھەدىس ئۆگەنگىلى كېلەتتى. ئۇنىڭ ئىلىم سورۇنىدا غەيۋەت شىكايەتلەر ۋە بىھۇدە سۆزلەر بولمايتتى. ئۇ بالىلىق چېغىدىن باشلاپلا پۈتۈن ئۆمرىنى ئىلىم ئىگىلەش بىلەن ئۆتكۈزگەن بولۇپ، ئىلمىي ئەدەب ـ ئەخلاقى يۇقىرى ۋە ئۈستۈن ئىدى. مەسىلىلەرگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلاتتى.

بىر قىسىم ئاتالغۇلارغا ئىزاھات:

1 . ئىمام مالىك : ئىمام مالىك (الإِمَامُ مَالِك بن أنس بن مَالِك الأصبحي المُدَنِيّ): مالىك ئىبنى ئەنەسئىبنى مالىك ئەلئەسبەھىي ئەلمەدەنىي (ئەبۇ ئابدۇللاھ). (ھ. 93 ـ 179 / م. 712 ـ 795 ) مەدىنەدەياشاپ ئۆتكەن بۈيۈك مۇھەددىس، ساھابىلەرنىڭ شاگىرتى بولغان تابىئىنلارنىڭ شاگىرتى تەبىقىسىدىن. مەشھۇر تۆت مەزھەپنىڭ بىرى بولغان مالىكىي مەزھىبىنىڭ ئىمامى. «ئەلمۇۋەتتا» ئاتلىق مەشھۇر ھەدىس كىتابى بار. بۈيۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ شەھرى مەدىنىدە، ئەسلى جەمەت شەجەرىسى يەمەنگە تۇتىشىدىغان بىر ئەرەب ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۆز دەۋرىدىكى ئۇلۇغ زاتلاردىن تەلىم ئېلىپ، مەدىنە مۇنەۋۋەرنىڭ ئىمامىغا ئايلانغان. ئابباسىيلار خەلىپىلىرىدىن ئەبۇ جەئفەر مەنسۇرنىڭ ھۆرمەتلىشى، ھارۇن رەشىد ۋە ئوغۇللىرىنىڭ ئۇستاز تۇتۇپ ئىخلاس قىلىشىغا سازاۋەر بولغان. بىراق ئىمام مالىك ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ كىشىلەرنى مەجبۇرىي بەيئەت قىلدۇرغانلىقىنى توغرا ئەمەس دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن، مەدىنىنىڭ ۋالىيسى جەئفەر ئىبنى سۇلايمان ئىمام مالىكنى دەررە ئۇرغۇزۇپ، بىر قولىنى

سۈنىدۇرۇۋەتكەن. بۇنىڭ بىلەن ئىمام مالىكنىڭ ئاۋام ـ خەلق ئارىسىدىكى نوپۇزى يەنىمۇ ئۆسۈپ كەتكەن. ئىمام مالىك :«كىشىلەر مەن توغرىلىق نېمىلەرنى دەيدۇ؟» دەپ سورىغاندا، ئۇنىڭغا «دوستلىرىڭ سېنى ماختايدۇ، دۈشمەنلىرىڭ تىللايدۇ» دېيىلگەن. ئىمام بۇ گەپنى ئاڭلاپ: «ئىنسانلار شۇنداق بولىدۇ. تىللارنىڭ توختىماي سۆزلىشىدىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز» دېگەن. گەرچە ئىمام مالىكنىڭ مەزھىپى ( مالىكىي مەزھىبى) ھىجاز (ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي قىسمى) زېمىنىدا مەيدانغا كېلىپ، شۇ جايدا ئومۇملاشقان بولسىمۇ، كېيىنكى چاغلاردا شىمالىي ئافرىقىنىڭ تۇنىس، ئالجىرىيە، ماراكەش ۋە لىۋىيەقاتارلىق جايلىرىغا تارقالغان. ئاخىرىدا شۇ جايلاردىن ئوتتۇرا ئافرىقا تەۋەسىگىچە تارقىلىپ ئومۇملاشقان. ئىمام مالىك ھىجرىيە 179 ـ يىلى 86 يېشىدا ۋاپات بولۇپ، مەدىنىدىكى جەننۇتۇل بەقىي قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان.

2 . ئەلمۇۋەتتا: ئەلمۇۋەتتا (ئىتتىپاقلاشقان ھەدىسلەر توپلىمى / الموطأ)، بۈيۈك مۇھەددىس ۋە فەقىھ،مەشھۇر تۆت مەزھەبنىڭ بىرى بولغان مالىكىي مەزھىپىنىڭ ئىمامى ئەبۇ ئابدۇللاھ مالىك ئىبنى ئەنەس(ھ. 179 ـ 93 / م. 712 ـ 795) تەرىپىدىن خەلىپە ئەبۇ جەئپەر مەنسۇر (ھ. 136 ـ 158 / م. 754 ـ 775 ئارىسىدا خەلىپە بولغان ئۇمەۋىيلەر خەلىپىسى) نىڭ تەكلىپى بىلەن تۈزگەن بولۇپ فىقھى تەرتىپ بويىچە توپلانغان ئەڭ مەشھۇر ھەدىس كىتابىدۇر. «قولايلاشتۇرۇلغان» ياكى «ئىتتىپاقلاشقان» دېگەن مەنىدىكى «ئەلمۇۋەتتا» كەلىمىسى ئۆز ۋاقتىدىكى مەدىنە ئالىملىرىنىڭ بۇ كىتابنىڭ سەھىھلىكى ۋەت وغرىلىقىغا بىرلىككە كەلگەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ئىلمىي قىممىتىنى كۆرسىتىدۇ. كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ نەزىرىدە ئۇ «سەھىھەين»دىن كېيىنكى مەرتىۋىدە كەلسىمۇ، بەزى ھەدىسشۇناسلار ئۇنى«سەھىھەين»نىڭ ئالدىغا قويىدۇ. بۇ ئەسەر «مەرفۇئ» ھەدىسلەردىن باشقا «مەۋقۇف»، «مەقتۇئ»، «مۇرسەل» ۋە «بالاغەت» تۈردىكى ھەدىسلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. چۈنكى، ئىمام مالىك ۋە كۆپچىلىك ئالىملار«مۇرسەل» ھەدىسلەرگە ئەمەل قىلىدۇ. يەنە ئىمام ئىبنى ئابدۇلبەر ئەلئەندەلۇسىي (ھ. 463 ـ 368 / م. 978 ـ 1071) ئۇنىڭدىكى «مۇرسەل» ۋە «بالاغەت» ھەدىسلەرنى تەتقىق قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى 61 ھەدىستىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى، ئۇلاردىن تۆت ھەدىستىن باشقىسىنى باشقا ئالىملار سەنەدلىك رىۋايەت قىلغانلىقىنى يەكۈنلەپ «تەنۋىرۇل ھەۋالىك» ناملىق ئەسەر يازغان.

3 . ئىمام شافىئىي (الإِمَامُ مُحَمَّدُ بْنُ إِدْرِيسَ بن الْعَبَّاس بن عُثْمَان بن الشافع الشَّافِعِيُّ الْمُطَّلِبِيُّ): مۇھەممەد ئىبنى ئىدرىس ئىبنى ئەلئابباس ئەششافىئىي ئەلمۇتتەلىبىي (ئەبۇ ئابدۇللاھ). (ھ. 150 / م. 767، غەززە ـ ھ. 204 / م. 820، مىسىر) مەشھۇر «تۆت مەزھەب»نىڭ بىرى بولغان «شافىئىي مەزھىبى»نىڭ ئىمامى.

بۈيۈك مۇجتەھىد ئالىم. «ئەلئۇم»، «ئەررىسالە»، «ئەھكامۇل قۇرئان»، «جىمائۇل ئىلىم» ۋە «ئىختىلافۇل ھەدىس» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

پايدىلانغان مەنبەلەر:


1 . سير أعلام النبلاء، 8 / 48-135.

2 . تذكرة الحفاظ، 1 / 207 - 213

3 . الأعلام، 6 / 128

4 . مالك حياته وعصره، محمد أبو زهرة

5 . ھەدىس شەرىپ توغرىسىدا ئومۇمىي بايان، مۇھەممەد سالىھ داموللا، خىتاي مۇسۇلمانلىرى ژۇرنىلى، 2005 ـ يىللىق 2 ـ سان، ئومۇمىي 75 ـ سان

6 . تقريب التهذيب للحافظ بن حجر عسقلاني.



# ئابدۇرېھىم ئابلەتخانىنىڭ تەرجىمالى

# ئابدۇرېھىم ئابلەتخان

**ھەر قانداق مىللەتتە ئۆز مىللىتىنى ئۆلۈپ-تىرىلىپ سۆيىدىغان، ھەتتا ئۆزىنىڭ مىللىتىنى سۆيىدىغانلىقىنى ئاشكارا ئىپادىلەشنى ئويلىشىپمۇ باقمىغان، پەقەت ئاز بولسىمۇ، كىچىك بولسىمۇ ئەمەلىي ئىش-ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق مىللىتىگە بولغان سۆيگۈسىنى ئىپادىلەيدىغان بىر بۆلۈك كىشىلەر بولىدۇ. بۇ خىل كىشىلەر نامسىز قەھرىمانلار دەپ ئاتىلىشقا تامامەن مۇناسىپتۇر. بىر مىللەتنىڭ بەخت-سائادىتى ئۆزىنى ھەر قانداق شەخسىي مەنپەئەتلەردىن خالىي ھالدا سۆيگۈچى نامسىز قەھرىمانلارنىڭ ئاز كۆپلىكى بىلەن ئۆلچىنىدۇ.**

**نۆۋەتتە بىز ياد ئەتمەكچى بولغان ئابدۇرېھىم ئابلەتخان دەل ۋەتەن-مىللىتىنى سۆيۈشتە «ئاشىقلىق» دەرىجىسىگە ئۇلاشقان نامسىز قەھرىمانلىرىمىزدىن بىرىدۇر. ئۇنىڭ قەلىمىدىن تۆكۈلگەن نىدالار ۋە سۇرەنلەر ئېغىر خەۋپكە دۇچ كەلگەن مىللىي مەۋجۇتلۇقىمىز ھەققىدە ئىزتىراپلىق ئويىنىلىشلىرىنىڭ، شۇنداقلا ئۇنىڭ ۋەتەن-مىللەتكە بولغان «ئاشىقلىقى»نىڭ سەمەرىسىدۇر.**

**ئابدۇرېھىم ئابلەتخان ئۆرۈمچى قىرغىنچىلىقى يۈز بېرىشتىن ئىلگىرىكى بەش-ئون يىللار مابەينىدە ھەر قايسى ئۇيغۇرچە مۇنبەرلەردە ماقالە-ئەسەرلەرنى يېزىپ، تورداشلارنىڭ ۋە بىر تۈركۈم زىيالىيلارنى ياقتۇرۇشىغا، ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان قەلەمكەشلەردىن بىرىدۇر.**

**ئابدۇرېھىم ئابلەتخاننىڭ ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا، مەخسۇس تەربىيىلەش كۇرسلىرىدا ئىلىم تەھسىل قىلغانلىقى مەلۇم ئەمەس. ئابدۇرېھىم ئابلەتخاننىڭ 1972-يىلى تۇغۇلغانلىقى ۋە ئون سەككىز ياشلاردا ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلىكى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تىرىكچىلىك غېمىدە جاھان كەزگەنلىكى مەلۇم. يازغانلىرىغا، پىكىرلىرىگە قارىغىنىمىزدا ئابدۇرېھىم ئابلەتخان ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا يۇقىرىلاپ ئوقۇغان بىر تۈركۈم كىشىلەردىن كۆپ نەرسىلەرنى ئويلىيالايدۇ ۋە پىكىر ئىشلەپچىقىرالايدۇ. ئاز بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ يۈرىكى ھوقۇق ۋە بايلىق ئۈچۈن سوققاندا، ئۇنىڭ يۈرىكى ۋەتەن-مىللەتنىڭ قۇللۇقىغا چىدىماي ئەنسىز سوققان. ئۇ قۇللۇقتا مەھكۇم بولغان قەۋمى ئۈچۈن ئۈنسىز ياش تۆككەن.**

**ئىنتېرنېت ئىچ پۇشۇقى پەلەككە يەتكەن ئۇيغۇر ياشلىرى ئۈچۈن چىقىش يولى، پىكىر، مەنىۋىي يۈكسىلىش ئىزدەيدىغان بىر سەھنىگە ئايلانغان زامانلاردا ئابدۇرېھىم ئابلەتخان پۈتۈن كۈچى بىلەن يازغان، ياشلارنىڭ ئويغىنىشىغا، ئويلىنىشىغا ۋە يۈكسىلىشىگە بىر كىشىلىك ھەسسىسىنى قوشقان سۆيۈملۈك ئۇيغۇر ئوغلانىدۇر.**

**ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۆرۈمچى قىرغىنچىلىقىدىن ئاۋۋال مۇنبەرلەردە ياخشى يازما، ئۆزگىچە پىكىرلىرى بىلەن تور دۇنياسىغا زىننەت بېغىشلىغان ئابدۇرېھىم ئابلەتخان ئۆرۈمچى قىرغىنچىلىقىدىن كېيىن تور دۇنياسىدىن غايىپ بولغان.**

**ئابدۇرېھىم ئابلەتخان ئىسمىدىكى ياكى تەخەللۇسىدىكى بىر ئۇيغۇرنىڭ ياشاپ ئۆتكەنلىكى ھەققەت بولسىمۇ، ئۇنىڭ بېشىغا نېمە قىسمەتلەر كەلدى، ئۇ ھازىر نەدە ... ئۇنىڭ ھېچبىر ئىزدېرىكى يوق. ئابدۇرېھىم ئابلەتخان ئۆز ئارزۇ-ئۈمىدلىرىنى يازدى. زالىمغا بولغان نەپرىتىنى، خەلقىگە بولغان مۇھەببىتىنى، ھۆرلۈككە بولغان ئارزۇسىنى ئىپادىلىدى. بىر تۈركۈم ياشلارنى قەلىمى ئارقىلىق ئويغاتتى.**

**بىز ئابدۇرېھىم ئابلەتخاننى ئەسلەيمىز. زالىمنىڭ قولدا ۋاپات تاپقان تەقدىردە ئۇنىڭ ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن ئەڭ گۈزەل دۇئالىرىمىزنى ئاتايمىز، ھايات بولسا ئۇنىڭغا ئەركىنلىك، خاتىرجەملىك تىلەيمىز.**

ھ. ئىبراھىم تەييارلىدى

گۈلىستان



# پەرزەنت تەربىيىسىدە ئىنتىزام

لاۋرىن ئودونىل

# پەرزەنت تەربىيىسىدە ئىنتىزام

لاۋرېن ئودونېل

**بالىلىرىڭىز قانچە ياشتا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىنتىزام جەھەتتە ئىزچىل بولۇش تولىمۇ مۇھىم. ئەگەر ئاتا ـ ئانىلار ئۆزلىرى بەلگىلىگەن قائىدە ۋە جازاغا رىئايە قىلمىسا، بالىلىرىنىڭ رىئايە قىلىشى ناتايىن.**

**تۆۋەندە ئوخشىمىغان ياش بۆلەكلىرىدىكى بالىلاردا ئىنتىزام بەرپا قىلىپ، ئۇلارنى توغرا رەۋىشتە باشقۇرۇش چارىلىرىنى ئائىلىڭىزگە ئەڭ ماس كېلىدىغان شەكىلدە تەڭشەش توغرىسىدىكى بىر قانچە تۈرلۈك مەسلىھەتنى ئوتتۇرىغا قويىمىز.**

**نۆل ياشتىن ئىككى ياشقىچە بولغان بالىلارغا قارىتا:**

بوۋاقلار ۋە يېڭى ئايىغى چىققان بالىلار شەيئىلەرگە تولىمۇ قىزىقىدۇ. شۇڭلاشقا، تېلېۋىزور ۋە ۋىدېيو ئۈسكۈنىلىرى، ستېرېئولۇق ياڭراتقۇ، زىبۇزىننەت قاتارلىق بوۋاقلارنى قىزىقتۇرغۇچى نەرسىلەرنى بوۋاقلارنىڭ يېنىدىن يوقىتىش ئاقىلانىلىكتۇر، بولۇپمۇ تازىلىق بۇيۇملىرى ۋە دورىلارنى ئۇلارنىڭ قولى يەتمەيدىغان جايغا ئېلىۋېتىش كېرەك.

ئۆمىلەيدىغان ياكى يېڭى ئايىغى چىققان بوۋىقىڭىز يېقىنلىشىشقا بولمايدىغان ياكى خەتەرلىك جىسىمغا قاراپ ماڭغاندا، ۋەزمىن ئاھاڭدا «ئۇنىڭ يېنىغا بارما» دەڭ، ئاندىن بالىڭىزنى شۇ جايدىن يىراقلاشتۇرۇڭ ياكى مۇۋاپىق ھەرىكەتلەر ئارقىلىق ئۇنىڭ دىققىتىنى باشقا ياققا بۇراڭ.

جىم تۇرغۇزۇپ قويۇش كىچىك بالىلار ئۈچۈن ئۈنۈملۈك باشقۇرۇش چارىلىرىدىن بىرىدۇر. مەسىلەن، بىرەر ئادەمنى ياكى بىرەر نەرسىنى ئۇرغان، چىشلىگەن ياكى يېمەكلىكنى ئاتقان بالىغا نېمە ئۈچۈن شۇ ئىشنى قىلسا بولمايدىغانلىقى چۈشەندۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنى بەلگىلەنگەن ۋاقىتلىق جىم تۇرغۇزۇپ قويۇش رايونىدا ــ مەسىلەن، ئاشخانا ئورۇندۇقى ياكى بىرىنچى پەلەمپەي دېگەندەك ــ بىر ـ ئىككى مىنۇت تۇرغۇزۇپ قويۇشقا بولىدۇ (بۇنىڭدىن ئارتۇق تۇرغۇزۇپ قويۇش بۇ ياشتىكى بالىلارغا كار قىلمايدۇ).

مۇھىمى ھەر قانداق ياشتىكى بالىلارنىڭ كاسىسىغا ياكى باشقا يېرىگە ئۇرماسلىق كېرەك. بوۋاقلار ۋە يېڭىدىن ئايىغى چىققان بالىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قىلمىشىنى تەن جازاسى بىلەن باغلاپ چۈشىنەلىشى ئاساسەن مۇمكىن ئەمەس. ئۇلار پەقەت تاياقنىڭ ئاغرىقىنىلا ھېس قىلىدۇ، خالاس.

شۇنى ئۇنتۇپ قالماڭكى، بالىلار چوڭلارنى، بولۇپمۇ ئاتا ـ ئانىسىنى كۆزىتىش ئارقىلىق ئىش ئۆگىنىدۇ. شۇڭا، قىلمىشلىرىڭىزنىڭ ئۆرنەكلىك ھالەتتە بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىڭ. نەرسە ـ كېرەكلىرىڭىز قالايمىقان چېچىلىپ ياتقان ئەھۋالدا، بالىڭىزغا ئويۇنچۇقلىرىنى يىغىشقا بۇيرۇق چۈشۈرمەي، ئۆزىڭىزنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىڭىزنى يىغىشتۇرسىڭىز، بۇنىڭ ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

ئۈچ ياشتىن بەش ياشقىچە بولغان بالىلارغا قارىتا:

بالىڭىز بىر ئاز چوڭ بولۇپ، قىلمىش بىلەن ئاقىۋەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى چۈشىنىشكە باشلىغاندا، ئۇنىڭغا ئائىلىڭىزنىڭ قائىدىلىرىنى ئۆگىتىشكە باشلاڭ.

بالىلارنى قىلمىشى سەۋەبلىك جازالاشتىن ئىلگىرى، ئۇلارغا ئۆزلىرىدىن نېمىلەرنى كۈتىدىغانلىقىڭىزنى چۈشەندۈرۈڭ. ئۈچ ياشلىق بالىڭىز مېھمانخانىنىڭ تېمىنى تۇنجى قېتىم رەڭلىك قەلەم بىلەن بوياۋەتكەندە، نېمىشقا بۇنداق قىلسا بولمايدىغانلىقىنى ۋە قايتا قىلسا نېمە ئىش يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈڭ (مەسىلەن، بالىڭىزنىمۇ تامنى تازىلاشقا ياردەملەشتۈرۈڭ ۋە شۇ كۈنىنىڭ قالغان قىسمىدا رەڭلىك بوياقنى تۇتقىلى قويماڭ). ئەگەر بىر نەچچە كۈندىن كېيىن تام قايتا بوياۋېتىلسە، تامنى ئەمەس، قەغەزنى بوياش كېرەكلىكىنى تەكىتلەپ، تېگىشلىك جازانى ئىجرا قىلىڭ.

ئاتا ـ ئانىلار «مەن مۇنداق ـ مۇنداق قائىدىلەرنى بېكىتتىم، سەن يا ئۇنىڭغا بويسۇنىسەن، بولمىسا تېگىشلىك جازاغا ئۇچرايسەن» دېگەن ئۆلچەمنى قانچە بالدۇر ئوتتۇرىغا قويسا، بۇ (ئاتا ـ ئانا ھەم بالىدىن ئىبارەت) ئىككىلا تەرەپ ئۈچۈن شۇنچە ياخشىدۇر. گەرچە بەزىدە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ناچار قىلمىشلارغا كۆز يۇمۇشى ياكى ئىجرا قىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا تەھدىت سېلىنغان بەزى جازالارنى ئىجرا قىلماسلىقى تېخىمۇ ئاسان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ناچار ئۆرنەك بولۇپ قالىدۇ. (ئىجرائاتسىز) قۇرۇق تەھدىت سىزنىڭ ئاتا ـ ئانىلىق نوپۇزىڭىزنى سۇندۇرۇپ، بالىڭىزنى بارغانسېرى «تومۇرچى» قىلىۋېتىدۇ. ئىزچىللىق ئۈنۈملۈك بالا تەربىيەسىنىڭ ئاچقۇچىدۇر، شۇنداقلا ئاتا ـ ئانىلار قائىدىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بەلگىلىشى، ئاندىن شۇ قائىدىلەردە چىڭ تۇرۇشى كېرەك.

قايسى قىلمىشلارنىڭ جازالىنىدىغانلىقىنى بېكىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ياخشى ئىشلارنى مۇكاپاتلاشنىمۇ ئۇنتۇپ قالماڭ. ماختاشنىڭ ئىجابىي تەسىرىنى سەل چاغلىماڭ. ئىنتىزام نوقۇل جازالا

بولماستىن، ئۇ يەنە ياخشى ئىشلارنى ئېتراپ قىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، «ئويۇنچۇقلىرىڭنى دوستلىرىڭ بىلەن تەڭ ئوينىغانلىقىڭدىن سۆيۈندۇم» دېيىش ئادەتتە ئويۇنچۇقلىرىنى دوستلىرى بىلەن تەڭ ئوينىمىغان بالىنى جازالاشتىنمۇ ئۈنۈملۈكتۇر. شۇنداقلا، «ياخشى قىلدىڭ» دېيىش بىلەنلا چەكلەنمەستىن، ماختىشىڭىز كونكرېت بولسۇن. ئۆزىڭىزنىڭ قايسى قىلمىشلارنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى ئېنىق بىلدۈرۈڭ. بۇ ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدە يۈز بېرىش ئېھتىماللىقىنى ئاشۇرىدۇ. بىز بىر ھەرىكەتكە قانچە ئەھمىيەت بەرگەنسېرى، بالىلار ئۇنى شۇنچە سىجىل داۋاملاشتۇرۇشى مۇمكىن.

ئەگەر قانداق تەدبىر قوللىنىشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، بالىڭىز ناباب قىلمىشنى داۋاملاشتۇرۇۋەرسە، ھەپتىنىڭ ھەر بىر كۈنى ئۈچۈن ئايرىم جەدۋەل تۈزۈڭ. ئاندىن، بالىڭىزنىڭ جازالىنىشتىن ئىلگىرى قانچە قېتىم قائىدىگە خىلاپلىق قىلسا بولىدىغانلىقى ياكى توغرا ئىشنى قانچىلىك ۋاقىت داۋاملاشتۇرسا ئاندىن مۇكاپاتلىنىدىغانلىقىنى بەلگىلەڭ. جەدۋەلنى توڭلاتقۇغا چاپلاڭ، ئاندىن ھەر كۈنى بالىڭىزنىڭ ياخشى ئىشلىرىنى ۋە قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان قىلمىشلىرىنى ئىز قوغلاپ كۆزىتىپ، شۇ جەدۋەلگە خاتىرىلەپ قويۇڭ. بۇنداق بولغاندا بالىڭىز (ئەلۋەتتە، سىزمۇ شۇ) ئەھۋالنى تېخىمۇ كونكرېت تونۇپ يېتەلەيدۇ. بۇ تەدبىرنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈلگەن ھامان، بالىڭىزنىڭ قائىدىگە خىلاپلىق قىلىشتىن ئۆزىنى تارتىشنى ئۆگىنىۋالغانلىقىنى، بولۇپمۇ ئۆزگەرتىش قىيىن بولغان ھەرقانداق ئىللەتنى تەرك ئەتكەنلىكىنى ماختاڭ.

جىم تۇرغۇزۇپ قويۇش بۇ ياشتىكى بالىلار ئۈچۈنمۇ ناھايىتى ئۈنۈملۈكتۇر. (جىم تۇرغۇزۇلۇش جەريانىدا) بالىلارنىڭ دىققىتى چېچىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئورۇندۇق ياكى تۆۋەنكى پەلەمپەي قاتارلىق مۇۋاپىق جايلارغا تۇرغۇزۇپ قويۇڭ. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، بالىنى كومپيۇتېر، تېلېۋىزور ياكى ئوينىغۇدەك نەرسىلەر بار ئۆيدە تۇرغۇزۇپ قويۇشنىڭ پايدىسى يوق. ئۇنىڭدىن باشقا، جىم تۇرغۇزۇپ قويۇش ھەر خىل مۇداخىلىدىن خالىي ۋاقىت بولۇشى كېرەك بولغاچقا، بالىڭىز بۇ جەرياندا سىزنىڭ پاراڭلىشىش، كۆز ئالاقىسى قاتارلىق ھەرقانداق دەخلىڭىزگە ئۇچرىماسلىقى كېرەك.

بالىڭىزنى قانچىلىك ۋاقىت جىم تۇرغۇزۇپ قويسىڭىز ئۈنۈمى ئەڭ ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئويلىشىڭ. مۇتەخەسسىسلەر ياش بېشىغا بىر مىنۇتتىن (يەنى ئىككى ياشلىق بالىنى ئىككى مىنۇت، ئۈچ ياشلىق بالىنى ئۈچ مىنۇت ...) تۇرغۇزۇپ قويۇشنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. يەنە بەزىلەر بالا تىنچلانغۇچە تۇرغۇزۇپ قويۇشنى (يەنى بالىغا ئۆزىنى تىزگىنلەشنى ئۆگىتىشنى) تەۋسىيە قىلىشتى. ئەگەر بالىڭىز قائىدىگە رىئايە قىلمىغانلىقى سەۋەبىدىن جىم تۇرغۇزۇپ قويۇلغان بولسا، جىم تۇرغۇزۇش ۋاقتى توشقاندىن كېيىن، ئۆزىڭىزمۇ قائىدىگە قەتئىي رىئايە قىلىڭ.

مۇھىمى بالىغا نېمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنىلا ئەمەس، نېمىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئېيتىش زۆرۈردۇر. مەسىلەن، «سافادا سەكرىمە» دېيىشنىڭ ئورنىغا، «ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ پۇتۇڭنى يەرگە قوي» دېيىشنى سىناپ بېقىڭ.

چوقۇم ئېنىق ۋە بىۋاستە بۇيرۇق بېرىڭ. «ئايغىڭنى كىيۋالساڭ بولامدۇ؟» دېگەننىڭ ئورنىغا «ئايغىڭنى كىيۋال» دەڭ. شۇنداق قىلسىڭىز مۇجمەللىك كۆرۈلمەيدۇ، شۇنداقلا «بۇيرۇققا بويسۇنۇش ئىختىيارىي مەسىلە ئەمەس» دېگەن ئۇچۇرنى بالىلارغا ئېنىق يەتكۈزگىلى بولىدۇ.

ئالتە ياشتىن سەككىز ياشقىچە بولغان بالىلارغا قارىتا:

جىم تۇرغۇزۇپ قويۇش ۋە قىلمىشىنىڭ جازاسىنى ئىجرا قىلىش بۇ ياش بۆلۈكىدىكى بالىلار ئۈچۈنمۇ كارغا كېلىدۇ.

ئوخشاشلا، ئىزچىللىق ۋە ئىجرائات بۇ ياشتىكى بالىلار ئۈچۈنمۇ پەۋقۇلئاددە مۇھىم. ئىنتىزامغا خىلاپ قىلمىشلارغا قارىتا ئىجرا قىلىدىغانلىقىڭىزنى ئېيتقان ھەرقانداق سۆزىڭىزنى ئەمەلىيلەشتۈرۈڭ، بولمىسا نوپۇزىڭىز ئاجىزلىشى مۇمكىن. بالىلار چوقۇم ئېيتقانلىرىڭىزنىڭ راستلىقىغا ئىشىنىشى كېرەك. بۇ ھەرگىزمۇ «بالىلارغا ئىككىنچى قېتىم پۇرسەت بەرسىڭىز ياكى مۇئەييەن دائىرىدىكى خاتالىققا يول قويسىڭىز بولمايدۇ» دېگەنلىك ئەمەس، ئەمما كۆپىنچە ئەھۋاللاردا چوقۇم دېگەنلىرىڭىزنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشىڭىز كېرەك.

ئاچچىقلانغان ۋاقتىڭىزدا «ئىشىكنى يەنە بىر قېتىم جاڭىلدىتىپ يېپىۋەتسەڭ، يانفوننى ئىككىنچىلەپ تۇتقىلى قويمايمەن» دېگەندەك رېئاللىقتىن چەتنىگەن رەۋىشتە تەھدىت سېلىشتىن ساقلىنىڭ. چۈنكى، بۇ خىل تەھدىتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرمىسىڭىز، بارلىق تەھدىتلىرىڭىز كۈچىنى يوقىتىشى مۇمكىن. يەنە مەسىلەن، دېڭىز ساھىلىدا دەم ئېلىش ئۈچۈن ماڭغان يولدا، بالىلىرىڭىز ئارقىدىكى ئورۇندۇقتا قەغىشلىك قىلغان بولسا، سىز «ئەگەر جېدەل قىلىشنى توختاتمىساڭلار، ماشىننى كەينىگە ياندۇرۇپ، ئۆيگە قايتىپ كېتىمىز» دەپ تەھدىت سالغان بولسىڭىز ھەم بالىلىرىڭىز جېدەل قىلىشنى داۋاملاشتۇرغان بولسا، چوقۇم ئۆيگە قايتىپ كېتىڭ. چۈنكى، بالىلىرىڭىزنىڭ نەزىرىدە ئىشەنچكە ئېرىشىش قولدىن بېرىپ قويغان دېڭىز ساھىلى ساياھىتىدىن قىممەتلىكتۇر.

چېكىدىن ئاشقان ئېغىر جازامۇ سىزنى ئاتا ـ ئانىلىق نوپۇزىدىن مەھرۇم قىلىشى مۇمكىن. ئەگەر ئوغلىڭىز ياكى قىزىڭىزنى تولۇق بىر ئاي ئۆيدىن چىققىلى قويمىسىڭىز، بالىڭىز ئۆز قىلمىشىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنماسلىقى مۇمكىن، چۈنكى ئۇ ئاللىقاچان (ئۆزىنىڭ نەزىرىدىكى) ھەممە نەرسىدىن مەھرۇم قىلىنغان. بالىلار ئۈچۈن قائىدىگە خىلاپلىق قىلىش سەۋەبلىك مەھرۇم بولغان ئىمتىيازلىرىغا ئېرىشەلەيدىغان بەزى نىشانلارنى بەلگىلەشمۇ كارغا كېلىشى مۇمكىن.

توققۇز ياشتىن 12 ياشقىچە بولغان بالىلارغا قارىتا:

بۇ ياشتىكى بالىلار ــــ بارلىق ياشتىكى بالىلارغا ئوخشاشلا ــــ تەبئىي ئاقۋەتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. ئۇلار پىشىپ يېتىلىپ، تېخىمۇ كۆپ مۇستەقىللىق ۋە مەسئۇلىيەتنى تەلەپ قىلغاچقا، ئۇلارغا ھەرىكىتىنىڭ ئاقۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىشنى ئۆگىتىش ئۈنۈملۈك ۋە مۇۋاپىق ئىنتىزاملاش چارىسىدۇر.

مەسىلەن، بەشىنچى يىللىقتا ئوقۇۋاتقان بالىڭىز ئۇخلاشتىن ئىلگىرى تاپشۇرۇقنى تۈگەتمىگەن بولسا، سىز ئۇنى ئۇخلىماي تاپشۇرۇق ئىشلەشكە ئۈندىشىڭىز، ھەتتا «ياردەم قولى»ڭىزنى سۇنۇشىڭىز كېرەكمۇ؟ ياق، ئۇنداق قىلماسلىقىڭىز كېرەك. چۈنكى، بۇنداق بولغاندا، سىز مۇھىم ھايات ساۋىقى بېرىدىغان بىر پۇرسەتنى قاچۇرۇپ قويغان بولىسىز. ئەگەر بالىڭىز تاپشۇرۇقنى تولۇق ئىشلىمىگەن بولسا، ئەتىسى مەكتەپكە شۇ ھالەتتە بارىدۇ ـ دە، شۇنىڭ تېگىشلىك ئاقۋىتىنى كۆرىدۇ.

ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى خاتالىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئارزۇ قىلىشى تەبئىي ئەھۋال، ئەمما يىراقنى نەزەردە تۇتقاندا، گاھىدا بالىلارنىڭ «بۇرنىغا يېيىشى»گە يول قويۇشمۇ، بالىلارغا ياخشىلىق قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، شۇنداق بولغاندا بالىلار نامۇۋاپىق قىلمىشىنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ ۋە شۇ خاتالىقلارنى قايتا سادىر قىلماسلىققا تىرىشىدۇ. ۋەھالەنكى، ئەگەر بالىڭىز بۇ خىل تەبئىي ئاقۋەتلەردىن ساۋاق ئالالمىسا، ئۆزىڭىز بىر قىسىم جازالارنى تەسىس قىلىپ، ئۇنىڭ قىلمىشىنى ئۆزگەرتىشكە ياردەم قىلىڭ. بۇ ياشتىكى بالىلار ئۈچۈن، (يانفون قاتارلىق) ئېلېكترونلۇق مەھسۇلاتلارنى ئىشلىتىش «ئىمتىياز»لىرىدىن مەھرۇم قىلىش ئۈنۈملۈك چارە بولۇشى مۇمكىن.

### 13 ياش ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى ياشتىكى بالىلارغا قارىتا:

ئەگەر سىز يۇقىرىدىكى كۆرسەتمىلەر بويىچە ئىش قىلغان بولسىڭىز، بالىڭىز بۇ ياشقا كەلگەندە، ئاللىقاچان ئىنتىزام سىستېمىسىنىڭ ئاساسىنى سېلىپ بولغان بولىسىز. بۇ چاغدا، بالىڭىز ئۆزىدىن نېمىلەرنىڭ كۈتۈلىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا سىزنىڭ ناچار قىلمىشلارنى جازالىماي قويمايدىغانلىقىڭىزنى بىلىدۇ. ئەمما، يەنىلا ھوشيارلىقنى بوشاشتۇرماڭ، بۇ ياشتىكى ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن ئىنتىزام كىچىك بالىلار ئۈچۈن مۇھىم بولغاندەكلا مۇھىم. تۆت ياشلىق بالا سىزنىڭ ئۇخلاش ۋاقتىڭىزنى بېكىتىپ بېرىشىڭىزگە ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىشىڭىزغا موھتاج بولغاندەك، ئۆسمۈرلۈك يېشىغا يەتكەن بالىڭىزمۇ (سىز بېكىتكەن) چەك ـ چېگرالارغا موھتاج.

ئائىلە تاپشۇرۇقى، قانداق دوستلار بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىش، ئۆيگە قايتىش ۋاقتى قاتارلىق توغرىسىدا قائىدە تۈزۈك ھەمدە خاتا چۈشىنىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بۇلارنى بالىڭىز بىلەن ئالدىن سۆزلىشىڭ. بالىڭىز بۇلاردىن پات ـ پات ئاغرىنىپ قويۇشى مۇمكىن بولسىمۇ، ئەمما يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ مۇشۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سىزنىڭ كونتروللۇقىڭىزدا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. مەيلى ئىشنىڭ ياكى

ئىشەنمەك، سىز ئۆسمۈرلەرگە تېخىمۇ كۆپ ئەركىنلىك ۋە مەسئۇلىيەت ئاتا قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار يەنىلا سىزنىڭ ئۆز ھاياتى ئۈچۈن چەك - چېگرا بەلگىلىشىڭىزنى ۋە تەرتىپ ئىجرا قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىدۇ.

بالىڭىز قائىدىگە خىلاپلىق قىلغاندا، ئۇنى «ئىمتىياز»دىن مەھرۇم قىلىش ئەڭ ياخشى ھەرىكەت پىلانى بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، بالىڭىزنى بىر ھەپتە ماشىنا ھەيدىگىلى قويمىغاندىن سىرت، ئۇنىڭغا ئۆيگە بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن بىر سائەت كېچىكىپ قايتىپ كېلىشىنىڭ نېمە ئۈچۈن قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان ۋە كىشىنى ئەندىشىگە سالىدىغان ئىش ئىكەنلىكىنى ئېيتىشىڭىز كېرەك.

ياش - ئۆسمۈرلەرگە ئۆز ئىشلىرى توغرىسىدا ئازدۇر - كۆپتۇر كونترول قىلىش ھوقۇقى بېرىشىمۇ ئۇنتۇپ قالماڭ. بۇ ئاراڭلاردىكى ھوقۇق مۇجادىلىسىنى ئازايتىپلا قالماي، بالىڭىزنىڭ سىزنىڭ چىقىرىشىڭىز زۆرۈر بولغان قارارلارغا ھۆرمەت قىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. سىز ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆز ھۆجرىسىنى قانداق سەرەمجانلاشتۇرۇشى دېگەن ئىشلارنى ئۆزى قارار قىلىشىغا يول قويسىڭىز بولىدۇ. بالىڭىز چوڭ بولغاندا، بۇ خىل قارار چىقىرىش «ئىمتىيازى»نى مۇۋاپىق دائىرىدە كېڭەيتسىڭىز بولىدۇ.

## بالىلارنى ئۇرۇش توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە

بەلكىم بالا باشقۇرۇش مېتودلىرى ئارىسىدا ھېچبىرى بالىلارنى ئۇرۇشتەك ئىختىلاپلىق بولماسلىقى مۇمكىن. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بالىلارنى ئۇرۇشنى چەكلىشىدىكى سەۋەبلەردىن بەزىلىرى تۆۋەندىكىچە:

تاياق يېيىش بالىلارغا ئاچچىقلانغاندا ئادەم ئۇرۇشنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئۆگىتىدۇ.

تاياق يېيىش بالىنى جىسمانى جەھەتتىن زىيانغا ئۇچرىتىدۇ.

تاياق يېيىش بالىلارغا ئۆز قىلمىشىنى قانداق ئۆزگەرتىشنى ئۆگەتمەستىن، ئۇلارنى ئاتا - ئانىسىدىن قورقىدىغان قىلىپ قويىدۇ ۋە خاتالىق سادىر قىلىپ تۇتۇلۇپ قېلىشتىن ساقلىنىشنى ئۆگىتىدۇ.

قىلىق چىقىرىش ئارقىلىق دىققەتنى تارتىشنى ئويلايدىغان بالىلارغا نىسبەتەن، تاياق يېيىش ئۇلار ئۈچۈن «مۇكاپات»لىق رولىنى ئويىنىشى مۇمكىن، چۈنكى، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە سەلبىي دىققەتمۇ، پەقەتلا دىققەت تارتمىغاندىن ياخشى.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

مەنبە:

https://kidshealth.org/en/parents/discipline.html#catbehavior



# خىتاي ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىگە قىلغان تەۋسىيەلىرى

# ئىسلام دىنىنى خىتايلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى ئون تەكلىپ

خىتاي ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىگە سۇنغان تەكلىپى

تۆۋەندىكىسى خىتاي ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ يېقىنقى يىللاردا خىتاي ھۆكۈمىتىگە سۇنغان تەكلىپى بولۇپ، مەزكۇر تەكلىپنىڭ تولۇق تېكىستىن تۆۋەندىكىچە:

1. ئەرەبچە «قۇرئان» ۋە «ھەدىس»نىڭ ئەسلى تېكىستىنىڭ دۆلەت ئىچىدە تارقىلىشىنى تەدرىجىي چەكلەش (مەنبەنى ئۈزۈش) كېرەك.

2. «قۇرئان» ۋە «ھەدىس»نىڭ نۆۋەتتە مەۋجۇت بولغان خىتايچە تەرجىمىلىرى ۋە ئىسلامغا ئالاقىدار باشقا نەشر بۇيۇملىرىنى تەدرىجىي چەكلەش كېرەك.

دۆلەتلىك ئىسلامىي دىنىي كىتابلار كومىتېتى تەسىس قىلىپ، ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەرنى پارتىيەنىڭ نەزەرىيەۋى يېتەكچىلىكىدە «قۇرئان» ۋە «ھەدىس» نىڭ خىتايچە نۇسخىسىنى بىر تۇتاش تۈزۈش ۋە تەرجىمە قىلىشقا تەشكىللەش كېرەك.

پرىنسىپ جەھەتتىن ئېيتقاندا، خىتاي جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا پەقەتلا ماس كەلمەيدىغان بىر قىسىم ئايەتلەرنى سۇسلاشتۇرۇش، ھەتتا ئۆچۈرۈۋېتىش، ھەمدە سوتسىيالىزمنىڭ يادرولۇق قىممەت قاراشلىرىغا (بولۇپمۇ باراۋەرلىك، قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە دوستانىلىق قاتارلىقلارغا) ماس كېلىدىغان ئايەتلەرنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش (يەنى مەنبەنى خىتاينىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ماسلاشقۇدەك قىلىپ ئۆزگەرتىش) كېرەك.

3. دۆلەت مۇتەخەسسىسلەرنى تەشكىللەپ، «قۇرئان تەپسىرى»، «ھەدىس شەرھى»، «ئىسلام دىنى ۋە خىتاينىڭ ئەنئەنىۋى كۇلتۇرى» ۋە «ئىسلام دىنى ۋە خىتايچە سوتسىيالىزم» قاتارلىق كىتابلارنى تۈزۈپ چىقىشى كېرەك.

ئايەتلەرنى خىتايچە سوتسىيالىزمنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، خىتاينىڭ ئەنئەنىۋى كۈلتۈرى نۇقتىسىدىن شەرھلەش. مەسىلەن: «ھازىرقى جەمئىيەتتە ھەممە ئادەم باراۋەر» دېگەن ئۇقۇمنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن، قۇرئان كەرىمدىكى باراۋەرلىك ئىدىيەسىنى چوڭقۇرلاپ قېزىپ، ھەممە ئادەمنىڭ باراۋەرلىكىنى قوغداشنىڭ دىنىنىڭ ۋە ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق، مۇسۇلمانلارنىڭمۇ ئۆزىدىن غەيرىيلەرنىڭ تۇرمۇش ئادىتى ۋە ئىدىيەسىگە ھۆرمەت قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلەش كېرەك.

ئايەتلەرنى كۈڭزىچىلىقنىڭ (ئاق كۆڭۈللۈك، ھەققانىيلىق، ئەدەپ ـ ئەخلاق، ئەقىل ـ پاراسەت، ئېتىقاد قاتارلىق) ئەخلاق ئۇقۇملىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قايتىدىن شەرھلەپ، كۈڭزىچىلىقنىڭ يادرولۇق ئۇقۇملىرى بىلەن ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ ئۆزئارا ماسلاشقان ھالدا تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىش كېرەك.

بۇددا دىنىدىكى «سەۋەب ـ نەتىجە تەلىماتى»نى ئىسلام دىنىدىكى ئىماننىڭ ئالتە تۈۋرۈكىنىڭ بىرى بولغان «ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرۈش» بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئاللاھنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ ياخشى ئىشلارنى قىلغاندىلا، ئاندىن ئۆلگەندىن كېيىن جەننەتكە كىرەلەيدىغانلىقىنى بەلگىلىگەنلىكىنى، ھالبۇكى ياخشىلىق قىلىشنىڭ ئەسلىدىنلا سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش كېرەك (يۇقىرىقىلار ئىسلامىي ئەقىدىنى خىتايلاشتۇرۇش چارىلىرىدۇر)

قۇرئان ئايەتلىرىنى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ قايتا شەرھلەش ئارقىلىق، ئىسلامىي ئەقىدىنىڭ يادرولۇق ئەھكاملىرىنى مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇشىدىن تەدرىجىي سىقىپ چىقىرىش، ئۇنىڭ تۇرمۇشقا ئائىت كونكرېت بەلگىلىمىلىرىنى سۇسلاشتۇرۇش ۋە ئۆچۈرۈپ تاشلاش كېرەك.

دىنىنىڭ تەسىرىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقىسىدىن، خىزمەت ئورنىدىن، ھەتتا ئائىلە تۇرمۇشىدىن تەدرىجىي سىقىپ چىقىرىپ، دىنىي ئېتىقادنى كىشىنىڭ ئۆزى بىلەنلا چەكلىنىدىغان مەنىۋى ئىنتىلىشكە ئايلاندۇرۇش كېرەك (بۇ ئۇلىنى كولاش باسقۇچىدۇر).

(نوپۇزلۇق شەرھلەش ھوقۇقىنى ئىگىلەش، شۇنداقلا دىنىي ئىدىيەلەرنىڭ دۇنياۋى ھاياتقا بولغان كونتروللۇقىنى تۈپ يىلتىزىدىن ئۈزۈپ تاشلاش كېرەك. يۇقىرىقى 1 ـ ، 2 ـ ۋە 3 ـ نۇقتىلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىنىڭ بىكىك ھالقىسىنى بۇزۇپ تاشلاشنى مەقسەت قىلىدۇ).

**4. دۆلەتلىك ئىسلام ئاكادېمىيەسى قۇرۇش كېرەك (مۇھىم ئۆلكىلەردە ئۆلكىلىك شۆبە تەسىس قىلىشقا بولىدۇ).**

**كەلگۈسىدە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، مەسچىتلەرنىڭ مەسئۇللىرى ۋە ئاخۇن (ئىمام)لارنىڭ (كەلگۈسىدە قۇرۇلغۇسى) دۆلەتلىك ئىسلام ئاكادېمىيەسىدە تولۇق كۇنلۇك ئوقۇغان بولۇشى ۋە مەزكۇر ئاكادېمىيە تەرىپىدىن تارقىتىلغان ئۇنۋان گۇۋاھنامىسى ئېلىشى؛ شۇنداقلا بىرلىككە كەلگەن مەملىكەتلىك تاللاش ئىمتىھانى ئارقىلىق خىزمەت كىنىشكىسى ئالغان بولۇشى كېرەكلىكىنى بەلگىلەش لازىم (بۇ بۇددا دىنىدىكى ئېتىكاپقا كىرىش گۇۋاھنامىسى (戒牒) تارقىتىش تۈزۈمگە تەقلىد قىلىنغان).**

**ھەرقايسى مەسئۇل خادىملار ۋە ئاخۇنلار يەنە ھەر يىلى دۆلەتلىك ئىسلام ئاكادېمىيىسى ياكى ئۆلكىلىك شۆبىلەرگە يىغىلىپ، كەسپىي تەربىيە، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى، خىتاينىڭ ئەنئەنىۋى كۇلتۇر تەربىيەسى ۋە پارتىيەنىڭ ئىدىيەۋى ۋە نەزەرىيەۋى تەربىيەسىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك. ھەر ئۈچ يىلدا بىر قېتىم باھالاش ئېلىپ بېرىپ، باھالاشتىن ئۆتەلمىگەنلەر دىنىي ۋەزىپە ئۆتىمەسلىكى كېرەك.**

**دۆلەتلىك ئىسلام ئاكادېمىيىسى ئىسلام دىنىنىڭ خىتايدىكى ئەڭ ئالىي ئىدىيىۋى ۋە نەزەرىيەۋى بازىسىغا ئايلىنىشى، شۇنداقلا ھەرقايسى ئۆلكە - رايون ئۈچۈن، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان كەسپىي تايانچلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشى (ئىدىيىۋى ۋە نەزەرىيەۋى بازىنى ئىگىلەپ، غوللۇق دىنىي خادىملارنى كونترول قىلىش) كېرەك.**

**5. سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشى ۋە پارتىيە نەزەرىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، «ئىسلام ئىشلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» ۋە «ئىسلامىي كىتابلارنى ئوقۇتۇش پروگراممىسى»نى تۈزۈش كېرەك.**

**دىنىي خادىملارنىڭ «باشقۇرۇش نىزامى»غا ئاساسەن ۋەز - تەبلىغ قىلىشى ۋە دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشنى تەلەپ قىلىش كېرەك.**

**دەرس ئۆتكەن ئىمام دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش تەشكىللىشى ئاستىدا يېزىلغان ۋە تەرجىمە قىلىنغان خىتايچە «قۇرئان» تەرجىمىسى، «قۇرئان تەپسىرى» قاتارلىق قانۇنلۇق كىتابلارنىلا ئىشلىتىشى ۋە «ئىسلامىي كىتابلارنى ئوقۇتۇش پروگراممىسى»غا قاتتىق ئەمەل قىلىپ، ھۆكۈمەت بېكىتكەن ئورۇنلاردىلا تەبلىغ قىلىشى كېرەك.**

ئۆز ئالدىغا قۇرئان ئۆگىتىش، ياكى تەبلىغدە دۆلەت تەستىقلىمىغان نەشر بۇيۇملىرىنى ئىشلىتىش چەكلىنىشى، بۇنىڭغا بويسۇنمىغۇچىلار قانۇنسىز دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىشى كېرەك. بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغان دىنىي خادىملار چاقىرتىلىپ تەنبىھ قىلىنىشى، جازالىنىشى، گۇۋاھنامىلىرى بىكار قىلىنىشى (دىن تارقىتىش، تەبلىغ قىلىش ھالقىلىرىنى تىزگىنلەش) كېرەك.

6. يۇقىرىقى بەش نۇقتا ئاساسىدا، دىنىي مۇراسىملارنى تېخىمۇ ئاددىيلاشتۇرۇپ، ئەسلىدىكى تۇرمۇش ئادىتىنى تەدرىجىي سۇسلاشتۇرۇپ، دىنىي ئېتىقادنى ساپلاشتۇرۇش (ئەنئەنىۋى دۇنياۋى تۇرمۇشتىكى دىنىي تەسىرنى يوقىتىش) كېرەك.

7. ئېتىقادچىلارنى تىزىملاپ، ئۇلارغا گۇۋاھنامە تارقىتىش سىستېمىسىنى يولغا قويۇش كېرەك.

ئېتىقادچىلارنىڭ دىنغا كىرىش ئەھۋالىنى مەملىكەت مىقياسىدا تورلاشتۇرۇلغان ھالەتتە تىزىملاپ، ھەرقايسى مەسچىتلەر دۆلەتنىڭ ئىجازىتى بىلەن ئادەتتىكى ئېتىقادچى ئاممىغا دىنغا كىرگەنلىك گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىشى كېرەك (بۇ بۇددا دىنىدىكى دىنغا كىرىش ئىسپاتىغا ئوخشاپ كېتىدۇ).

ھەرقانداق ئىسلامىي يىغىلىش ۋە دىنىي پائالىيەتكە قاتناشقۇچىنىڭ چوقۇم دىنغا كىرگەنلىك گۇۋاھنامىسى بولۇشى، بۇنىڭغا بويسۇنمىغۇچىلار قانۇنسىز توپلىشىپ جىنايەت ئۆتكۈزگۈچىلەر قاتارىدا جازالىنىشى كېرەك. دىنىي يىغىلىشلار ئالاقىدار تارماقلارغا ئالدىن ئىلتىماس قىلىنىشى، تەستىقلانغاندىن كېيىن ھۆكۈمەت بېكىتكەن ئورۇن ۋە ۋاقىتلاردا ئۆتكۈزۈلۈشى كېرەك. بولمىسا، قانۇنسىز يىغىلىش جىنايىتى بىلەن جازالىنىشى (ئېتىقادچى ئاممىنىڭ پائالىيىتىنى كونترول قىلىش) كېرەك

8. چەتئەلدىكى ئىسلامىي كۈچلەر بىلەن بولغان ئالاقىنى تەدرىجىي ئازايتىپ، چەتئەلدىكى دىنىي مەزھەپلەرنىڭ تەسىرگە ئۇچرىماسلىق ئۈچۈن، خىتايچە ئىسلام دىنىنىڭ ئىسلام دۇنياسىدىكى مۇستەقىل ئورنىنى مۇستەھكەملەش (سىرتقى قوللاشتىن مەھرۇم قىلىش) كېرەك.

9. پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا، ئالىي بىلىم يۇرتلىرى ۋە تەتقىقات ئاپپاراتلىرىدا، شۇنداقلا ئارمىيەنىڭ ئىچكى قىسمىدا، (بولۇپمۇ گەنسۇ، نىڭشيا، شەنشى قاتارلىق جايلاردىكى پارتىيە ـ ھۆكۈمەت،

ئالىي بىلىم يۇرتلىرى ۋە ئارمىيە سىستېمىلىرىدا) ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ دىنىي ئىدىيەلەرنى تارقىتىشىنى قەتئىي چەكلەش كېرەك.

ئەگەر بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىنسا، ھەم مەسىلە سادىر قىلغۇچىنىڭ، ھەم مەسئۇل رەھبەرنىڭ مەسئۇلىيىتى سۈرۈشتۈرۈلۈشى كېرەك (ئەمەلدارلارنى ئۆستۈرۈش ۋە باھالاشتا، پارتىيەنىڭ دىنىي لىنىيەسىنى قوغداش مۇھىم باھالاش كۆرسەتكۈچى قىلىنىشى كېرەك. (شەنشى، گەنسۇ، سەنشى قاتارلىق) مەسىلە ئېغىر رايونلاردا بىر بېلەت بىلەن رەت قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا بولىدۇ).

ھەربىيلەر، ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋە دىنىي خادىملار چوقۇم دىنىي ئېتىقادنى چەكلەشتىكى تايانچ كۈچكە ئايلىنىشى كېرەك. بۇلار ئۆزلىرى دىنغا ئىشەنمەيلا قالماستىن، يەنە ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - يارەنلىرىنىمۇ دىنغا ئىشەنمەسلىككە كۆندۈرۈشى كېرەك. ئاللىقاچان ئېتىقادچىغا ئايلانغان ھەربىيلەر، ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋە دىنىي خادىملارغا قارىتا، چوقۇم ئۇلارغا بولغان ئىدىيىۋى تەربىيەنى كۈچەيتىش، ئۇلارنى دىنىي ئېتىقادتىن ۋاز كەچتۈرۈش ئۈچۈن پائال ئىدىيەۋى خىزمەت ئىشلەش، ھېچ بولمىغاندا ئۇلارنى دىنىي ئىدىيەلەرنى تارقاتماسلىققا كۆندۈرۈش كېرەك. كەلگۈسىدە يېڭى قوبۇل قىلىنىدىغان ھەربىيلەر، ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋە دىنىي خادىملارنىڭ ئارىسىدىكى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ نىسبىتىنى تەدرىجىي تۆۋەنلىتىش (مەھكەم ئىستىھكام بەرپا قىلىپ، دۆلەتنىڭ ئاساسلىق تەشكىلىي ئاپپاراتىنىڭ ئەمىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش) كېرەك.

**10.** ئىسلام دىنىغا مۇناسىۋەتلىك ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، كۇلتۇرەل، دىنىي ۋە باشقا ساھەلەرگە چېتىشلىق بارلىق پائالىيەتلەرنى ھۆكۈمەتنىڭ يېتەكچىلىكىدە بىر تۇتاش مالىيە مەبلىغى بىلەن تەمىنلەش؛ ئاممىۋى تەشكىلاتلار، كارخانا ۋە شەخسلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا مۇناسىۋەتلىك پائالىيەتلەرنى ھەر خىل شەكىلدە مەبلەغ بىلەن تەمىنلىشىنى چەكلەش؛ ئىسلام جەمئىيىتى، مەسچىت قاتارلىق دىنىي ئاپپاراتلارنىڭ، شۇنداقلا دىنىي زاتلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت ۋە مەبلەغ سېلىش قاتارلىق سانائەت ۋە سودا پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىنى چەكلەش كېرەك (تاشقى مەبلەغنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئۈزۈپلا قالماي، يەنە ئۆز ئىچىدىن كۆچىيىش ئىقتىدارىنىمۇ پالەچلەندۈرۈپ، ئۇلارنى ئىقتىسادىي جەھەتتە پۈتۈنلەي ھۆكۈمەتكە تاياندۇرۇش كېرەك).

ئەگەر يۇقىرىقى ئون نۇقتا ئىشقا ئاشۇرۇلسا، خىتايدىكى ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي ئەقىدىدىن دىنىي پائالىيەتكىچە، غوللۇق دىنىي زاتلاردىن ئاددىي ئېتىقادچى ئاممىغىچە، پۈتۈنلەي دۆلەت ھاكىمىيىتى رۇخسەت قىلغان دائىرىدە، كونترول قىلغىلى بولىدىغان پائالىيەتلەرنى قىلىشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. كەمىنىنىڭ قارىشىچە، ئىسلام دىنى خىتايلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇددىزمغا ئوخشاش چەتئەلدىن كىرگەن باشقا دىنلارغا ئوخشاشلا ئەيۋەشكە كېلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا خىتاي مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

خىتايچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى



# ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئەخلاقىدىن زىيالىيلارنىڭ ئەخلاقى ۋە رولىغا نەزەر

بۇۋىھەجەر داۋۇت

# ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ھاياتىدىن زىيالىيلار ئەخلاقى ۋە رولىغا نەزەر

بۇۋىھەجەر داۋۇت

«ئۈممىتىم ئىچىدە ئىككى خىل كىشىلەر بار، ئەگەر ئۇلار ياخشى بولسا كىشىلەرمۇ ياخشى بولىدۇ، ئەگەر ئۇلار بۇزۇلسا كىشىلەرمۇ بۇزۇلىدۇ، ئۇلار يۇرت كاتتىلىرى ۋە ئالىملاردۇر». پەيغەمبىرىمىز ھەدىسىدىن

زىيالىي ئاتالغۇسى كىشىلەرگە ناھايىتى تونۇش بولۇپ، يۈزلەرچە يىللار «بىلىمدىن مەھرۇم قىلىپ، نادانلىقتا قالدۇرۇش» سىياستىنىڭ جەبىر ـ زۇلمنى يەتكۈچە تارتىپ، ئىلىم ـ مەرىپەتكە خۇددى چۆلدە چاڭقاپ، سۇغا زار بولغان كىشىدەك تەلپۈنگەن خەلقىمىز، ئۆز ئىچىدىن چىققان ئىلىملىك، ئوقۇغان ئادەملەرنى ھۆرمەتلەپ، مۇشۇ ئىبارە بىلەن ئاتاپ كەلگەن. ئوخشىمىغان دەۋرلەردە بۇ ئاتالغۇنىڭ دائىرىسى ئوخشىمىغان ھالەتتە ئىپادىلىنىپ كەلدى. ئەمما يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بۇ ئاتالغۇنىڭ دائىرىسى تارلاشتۇرۇلۇپ، پەقەت پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ، خىزمەتكە چىققانلارنى «زىيالىي ياش»، خىزمەتچى ئائىلىلەرنى « زىيالىي ئائىلىسى» دەپ ئاتاش بىر قەدەر ئومۇملىشىپ قالدى. مېنىڭچە بۇ توغرا ئەمەس.

لۇغەت مەنىسىگە قارايدىغان بولساق «زىيالىي»سۆزىدىكى زىيا (نۇر )، لىي (لىق)، يەنى نۇرلۇق، ھەم نۇر تاراتقۇچى مەنىسىدە بولۇپ، مەيلى ئۇ مەكتەپلەردە ئوقۇغان « ئاق ياقىلىق» بولسۇن، ياكى دىنىي ئىلىم ئالغان «داموللا» بولسۇن، دىنىي، ئىلمى، سىياسىي ساھەلەردە تىرىشىپ ئىزدىنىپ، ئىزدىنىش مېۋىلىرىنى مۇستەقىل تەپەككۇر ۋە ھەققانىي قاراش بىلەن ئۆز جەمئىيىتىگە ئاكتىپ كۆچ تەرىقىسىدە سۇنالىسا ئەنە ئۇ زىيالىيدۇر. يەنى ئوقۇپ ھەرقانچە يۇقىرى ئۇنۋان ئېلىپ كەتسىمۇ، ئەتراپىدىكىلەر ئۇنىڭدىن مەنپەئەتلەنمىسە ئۇ زىيالىي ھېسابلانمايدۇ.

ئاللاھ تائالا ئىنسانىيەتنى يارىتىپ، ئادەم ئاتىمىزدىن تارتىپ تاكى ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ﷺ گىچە بولغان دەۋرلەردىكى ھەربىر قەۋمگە، ئۇلارنى يېتەكلەپ، توغرا يولغا باشلايدىغان، جاھالەتتىن قۇتۇلدۇرىدىغان بىر ياكى بىر قانچە پەيغەمبەر ئەۋەتكەن بولۇپ، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇلارمۇ شۇ دەۋرنىڭ ئەڭ نادىر، سەرخىل، تەڭداشسىز زىيالىيلىرى (نۇر تاراتقۇچىلىرى)دۇر. دېمەككى، ئىنسانىيەت

جەمئىيىتى مەيلى قايسى باسقۇچتا بولسۇن، شۇ دەۋر خەلقىگە، جەمئىيەت ئەزالىرىغا ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىشكە ھەرىكەت قىلىدىغان بىر تۈركۈم زىيالىيلارنىڭ يېتەكلىشىگە موھتاج.

زىيالىيلار خەلققە يول كۆرسىتىدىغان باشلامچى سەركەردىلەردۇر. قوماندان قانچە ئاقىل، تەدبىرلىك بولسا قوشۇن شۇنچە كۆپ زەپەر قۇچۇپ زورىيىدۇ. زىيالىيلار خەلقنىڭ يىغىسىغا يىغلايدۇ، كۈلكىسىگە كۈلىدۇ. ئۇلار خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىلا ئويلايدۇ. 20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر تارىخىدىكى مەرىپەتچى، يېڭىچە (جەدىدچە) مائارىپ بايراقدارى ئىسلاھاتچى، يول ئاچقۇچى، يېتۈك ئالىمىمىز ئابدۇقادىر داموللام دەل مۇشۇنداق تۆپ ساپاغا ئىگە مۇنەۋۋەر زات ئىدى.

ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، 18~19 ـ ئەسىرلەر ئىسلامىيەت تارىخىدىكى مىسلىسىز پاجىئەلىك يىللار ھېسابلىنىدىغان بولۇپ، ئىسلام ئالەمىنىڭ بىر پارچىسى بولغان ئۇيغۇر جەمئىيىتىمۇ بۇ پاجىئەدىن قېچىپ قۇتۇلالمىغان ئىدى. ھەممە يەرنى نادانلىق، خۇراپاتلىق قاپلىغان، بىر تەرەپتىن چىرىك ھۆكۈمەتنىڭ تۆگىمەس ئالۋاڭ ـ سېلىقى خەلقنى ھالسىراتسا، يەنە بىر تەرەپتىن يات دىنىدىكىلەرنىڭ ساخاۋەت ئىشلىرىنى باھانە قىلىپ، خەلقنى ئۆز دىنلىرىغا ئەگەشتۈرۈشكە ئازدۇرۇشىدىن ئىبارەت ئوچۇق ـ ئاشكارا «دىنىي تاجاۋۇزچىلىقى»مۇ سەل قاراشقا بولمايدىغان جىددىي مەسىلە ئىدى. ئابدۇقادىر داموللام دەل مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، جاھاندىن بىخەۋەر، بىخۇد قېلىۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىگە مەۋجۇت ۋەزىيەتنىڭ جىددىيلىكىنى، مىللىي ئاڭ، ھۆرلۈك روھىنى ئويغىتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، ئەقىدە ـ ئېتىقادنى چىڭىتىپ، كونىلىققا خاتىمە بېرىپ، مەرىپەت روھىنى تىكلەپ، ئىتتىپاقلىق ۋە گۈللىنىش يولىغا قەدەم قويۇپ، قۇللۇق كىشەنلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاشنىڭ تەخىرسىزلىكىنى تونۇتۇشتىن ئىبارەت ئاقارتىش، ئىسلاھات ھەرىكىتىنى باشلىغان ئىدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئابدۇقادىر داموللام سەئىدىيە خاندانلىقىدىن كېيىن 300 يىللار داۋام قىلغان جاھالەت تۈتەكلىرى ئىچىدە ئۆلۈم ئۇيقۇسىدا ئۇخلاپ كەلگەن غاپىل خەلققە « بۇ ھالەتتە دائىم ئۇخلىماق يوقىلىش ۋە ئۆلۈم يولىدۇر !» دەپ تۇنجى بولۇپ جاراڭلىق خىتاب قىلغان ئەزىمەت ئالىمىمىز ئىدى.

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قىسقا، ئەمما قىممەتلىك ھاياتىغا نەزەر سالىدىغان بولساق ئۇنىڭدىن، خەلقنىڭ گۈللىنىشى ۋە غايىسىنى ئۆز غايىسى قىلغان ھەقىقىي زىيالىيلارنىڭ گۈزەل ئەخلاقى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى رولىنى كۆرۈۋېلىشىمىز تەس ئەمەس.

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىرىدىن:

1. توغرا ئېتىقاد، ساپ ئەقىدە ساھىبى بولۇش

توغرا ئېتىقاد ئىنسانىنى ھەر زامان توغرىلىق ئۈستىدە قىلىدۇ. ساپ ئەقىدە شەيتاننىڭ تۈرلۈك ۋەسۋەسىلىرىدىن قوغدايدۇ. زىيالىيلار خەلققە يول كۆرسىتىدىغان باشلامچى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆزىدە باشلامچىلىققا لايىق ساپا ھازىرلىغان بولۇشى كېرەك. ساپا نوقۇل بىلىمنىلا كۆرسەتمەستىن، يەنە ئۇنى خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن بېغىشلىيالايدىغان، توغرا، تەۋرەنمەيدىغان مۇددىئانىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى «بىلىم » نەگىلا ئىشلىتىسە بولىدىغان قورال بولۇپ، ئەقىدە توغرا بولسا شۇ بىلىم ئارقىلىق خەلقنى تەربىيەلەپ، قۇدرەت تاپقۇزۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، بىلىم خىلمۇخىل توزاق - قاپقانلار بىلەن خەلقنى قايمۇقتۇرۇپ، خەلققە زۇلۇم قىلىشنىڭ ۋاستىسى بولۇپ قالىدۇ. بۇ ھەقتە نۇرغۇن مىساللارنى كۆرسىتىش مۇمكىن. مەسىلەن، مىليونلىغان ئىنسانلارنىڭ جېنىغا زامىن بولغان ھىتلېر ئەينى زاماندا ئىقتىدارلىق شەخس ئىدى. مۇددىئاسى توغرا بولمىغاچقا تارىختا يۇيۇلماس «داغ» قالدۇردى. ئۆز ئەتراپىمىزدىن مىسال ئالىدىغان بولساق، ھىدايەتۇللا ئاپئاق غوجا ئۆز دەۋرىدىكى سەزگۈر، ئىلغار شەخس ئىدى، ئەمما ئەقىدىسى ناپاك، تەبىئىتى پەس بولغاچقا، خەلقنى ھەرخىل ئىچكى نىزا - ماجىرالارغا سېلىپ، مادارىدىن كەتكۈزۈپ، سەئىدىيە خانىدانلىقىنىڭ يىمىرىلىشىگە سەۋەب بولدى.

ئابدۇقادىر داموللام ئىلىم ساھەسىدە يېتىشكەن بولۇپ، ئۇ كىشى رىياكار موللىلار تەرىپىدىن ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ھوقۇق ئېھتىياجى ئۈچۈن بۇرمىلىۋېتىلگەن دىنىي تەرتىپكە قارشى چىقىپ، كىشىلەرنى ئىسلام دىنىنىڭ ئەسلى روھى بولغان تەرەققىيپەرۋەرلىك، ئادالەتپەرۋەرلىك ۋە مەرىپەتپەرۋەرلىككە چاقىرغانىدى. ئۇ دىن بىلەن پەننىڭ بىر - بىرىنى چەتكە قاقماستىن ئەكسىچە بىر - بىرىگە تۈرتكە بولىدىغانلىقىنى خەلققە تونۇتۇپ، خۇراپاتلىق، نادانلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلاشنى مەقسەت قىلغان ئىدى. ئابدۇقادىر داموللام خەلققە خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ «ئۇيقۇ ئۆلۈمنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر، ئەگەر ئويغانمايدىغان بولساق، يەر يۈزىدىن ئىزىمىز ئۆچۈپ كېتىدۇ. ئارىمىزدا ئىناقلىق غايىب بولۇپ تەپرىقىچىلىك باش كۆتۈرمەكتە. دىللاردىن دىيانەت يوقاپ نىيەتلەر قارايماقتا، قېرىنداشلار ياتلاشماقتا. نادانلىق ھەممىمىزنىڭ بېشىنى ئۆزىمىزگە زىندان قىلىپ قۇرۇپ بەرمەكتە، بىزگە رودىپايدەك چاپلاشقان بۇ بۇ ئىللەتلەردىن قۇتۇلۇپ، نىجاتلىققا ئېرىشىشنىڭ بىردىنبىر يولى مەرىپەت ۋە ئىسلاھاتتۇر».

2. تاشقى شارائىتنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۆزلۈكسىز تىرىشىش، توختاپ قالماسلىق.

زىيالىيلار ئۆزى تەۋە شۇ توپ ئىچىدىكى بىلىملىك، ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەردۇر، ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيىتى جەمئىيەتكە يول كۆرسىتىشتۇر. زىيالىيلار ئىزدىنىپ، ۋەزىيەتنى ئىنچىكە كۆزىتىپ، مىللەتكە يول باشلايدىغان بولغاچقا، بىر مىللەتنىڭ كېلەچىكىنى، تەقدىرىنى بەلگىلەشتە ئىنتايىن چوڭ رول ئوينايدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا دۆلەت، مىللەت ۋە جەمئىيەتنىڭ يۈكسىلىشى زىيالىيلارغا باغلىق

بولىدۇ. زىيالىيلارنىڭ زىممىسىدىكى ھەل قىلغۇچ ئالاھىدە رول زىيالىيلاردىن، ھەر ۋاقىت تىرىشىپ، پىشىق ئىگىلەپ تۇرۇشنى، ئىزچىللىقنى، توختاپ قالماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قايناق ئۇقۇش ھاياتى قەشقەرنىڭ تازا تىنچ بولمىغان بىر مەزگىلگە توغرا كەلگەنىدى. ئۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ چېكىدىن ئاشقان زۇلمىنى، ئارقا ـ ئارقىدىن قوزغالغان خەلق قوزغىلاڭلىرىنىڭ ۋەھشىيلەرچە باستۇرۇلۇشىنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلاپ، ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. ھېلىدىن ھېلىغا پىتى ئۆرۈش، پىتى ـ پىتى نىزا ۋە جاڭجاللار پەيدا بولۇپ تۇراتتى. ئەنە شۇنداق ئەنسىز يىللاردا تۇغۇلغان ئابدۇقادىر داموللام ئەتراپىدىكى مالىمانچىلىقلارنى پىسەنتىگىمۇ ئالماي، ئىلىم ئۆگىنىشكە بەجانىدىل كىرىشىپ كەتكەنىدى. چۈنكى ئۇ پەقەت ئىلىمنىڭلا بۇ بىھۇدە، رەھىمسىز ئۆرۈش ـ نىزالارنى توختىتىپ، خەلققە ئاسايىشلىق ئەكېلىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنەتتى. ئۇ مەشھۇر ئەسىرى « نەسىھەتى ئاما » دا خەلققە مۇنداق مۇراجىئەت قىلغان : « بۇ زامان غەپلەت، بىپەرۋالىق زامانى ئەمەس، ئويغىنىش ۋە سەزگۈرلۈك زامانىدۇر. نادانلىق ۋە جاھىللىق دەۋرى ئەمەس، ئىلىم ـ مەرىپەت دەۋرىدۇر. سۇسلۇق ۋە بىكارلىق ۋاقتى ئەمەس، تىرىشىش ۋە غەيرەت ۋاقتىدۇر».

3. خەلققە يېقىن بولۇش، خەلققە يول كۆرسىتىش، قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش.

خەلق بىلەن زىيالىي گۆش بىلەن قاندەك بىر ـ بىرىگە زىچ باغلانغان بولىدۇ، بىر ـ بىرىنى تولۇقلاپ قىممىتىنى ئاشۇرىدۇ، خەلق بولمىسا زىيالىيلار مەۋجۇت بولمايدۇ، زىيالىيلارنى خەلق يېتىلدۈرىدۇ.

ئابدۇقادىر داموللام خەلقنى سۆيگەن زىيالىي بولۇش سۈپىتى بىلەن، كۈنلىرىنى مەنسەپدار ـ ئەمەلدارلارنىڭ، بەگ ـ غوجىلارنىڭ ئېسىل ئايۋان ـ سارايلىرىدا ئەمەس، بەلكى خەلق ئارىسىدا، مەسچىتلەردە، مەدرىسلەردە، ئىلىم ـ سۆھبەت سورۇنلىرىدا ئۆتكۈزەتتى.ئاممىغا ۋەز ـ نەسىھەت قىلاتتى. خەلقنىڭ دەردىنى ئاڭلاشقا، قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشقا تىرىشاتتى. خەلقنىڭ غېمىدە كېچە ـ كۈندۈز پۇچۇلىناتتى. ئۇ بۇخارادىكى ئوقۇشىنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملاپ يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، پىگچە مائارىپ ئىسلاھاتىنى باشلىغاندا نادانلىق ـ خۇراپاتلىق ئاسارىتىدىن قۇتۇلالماي، رىياكار موللىلارنىڭ پىتنە ـ ئىغۋا، بىسمىلرى سەۋەبىدىن ئىككىلىنىپ قېلىۋاتقان خەلقنىڭ بۇ كۆرۈنمەس يالغان ـ ياۋىداقنىڭ بويۇن تۇرقىدىن قۇتۇلۇپ، پىتى سەپكە دادىللىق بىلەن قېتىلىشىغا ياردەمچى بولۇش، مائارىپ ھەرىكىتىگە توسقۇنلۇق قىلىۋاتقانلارنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ، مائارىپ ئىسلاھات ھەرىكىتىنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئىككى يىل جاپالىق سەپەرگە ئاتلىنىپ ئاخىرى « ئۇسۇلى جەدىد ۋاجىپ، ئۇنى ئۆگىنىش زۆرۈر» دېگەن پەتۋانى ئېلىپ يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، « ئۇسۇلى جەدىد ھارام » دەپ، پەتۋا ئارقىلىق خەلقنى ئۆز

ئاغزىغا قارىتىشنى مەقسەت قىلغان قەشقەر موللىلىرىنى لەت قىلىپ، خەلقنى يەلكىسىنى بېسىپ تۇرغان ئېغىر يۈكتىن خالاس قىلدۇ.

مانا مۇشۇنداق مىللەتنىڭ ھالىغا يېتىش، غېمىنى يېيىش، خەلقنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان مۇسىبەت، قاراڭغۇلۇقلارنى ئالدىن كۆرۈپ، جاپا ـ مۇشەققەتتىن قاچماي، خەلق بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، قىيىنچىلىق ئۈستىدىن بىرلىكتە غالىپ كېلىش، خەلق زىيالىيلىرىنىڭ ئۆزىدە ھازىرلاشقا تېگىشلىك مۇھىم ئەخلاقى پرىنسىپلىرىدىن بىرى. زىيالىي خەلق ئۈچۈن ئېچىنىپ، يىغىسىغا يىغلاپ، خەلقنىڭ گۈللىنىشىنى كۆرۈشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى ۋە غايىسى قىلالىغاندىلا ئاندىن زىيالىيلىق رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرالايدۇ، خەلقنىڭ قوللىشىغا، ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ، خەلق بىلەن بىرلىكتە تاغ ـ داۋان ئاشالايدۇ.

4. كەمتەرلىك، كىچىك پېئىللىق، تەمەدىن يىراق بولۇش.

خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش زىيالىيلارنىڭ مۇقەددەس بۇرچى، ۋە بۇ ۋەزىپە زىيالىيلاردا نىسپىي ئەخلاقىي مۇكەممەللىك بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، كەمتەرلىك بولسا ئەڭ ئاساسى ئەخلاق ئۆلچىمدۇر.

ئابدۇقادىر داموللام ئۆز زامانىسىدا ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدىلا ئەمەس، مەيلى قوقەن، بۇخارادا بولسۇن، ياكى مىسىر ۋە مۇبارەك مەككە زېمىنلىرىدا بولسۇن، ئۆزىنىڭ يۈكسەك شىجائىتى، ئەقىل ـ پاراستى، ئىزدىنىش روھى، پەيلاسوپلارچە پىكىرلەر بىرلەشتۈرۈلگەن ئۆزگىچە ئەدەبىي ئۇسلۇبى، ئىجادىي ئۇتۇقلىرى بىلەن ھەرساھە ئۆلىمالىرىنىڭ يۈكسەك باھاسىغا ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ. ئۇنىڭ شەرىپى ئۈچۈن كېچە ـ كېچە سۆھبەت ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ئابدۇقادىر داموللام بىلەن مىسىردا ئىلمى سۆھبەتتە بولغان تاتار خەلقىنىڭ مەشھۇر تارىخچىسى زاكىر قادىرى ئابدۇقادىر داموللامنى «ئىسلام دۇنياسىدا ئاز تېپىلىدىغان مۇتەپەككۇر ۋە ئىسلاھاتچى، كۆرەشچان بۈيۈك ئالىم » دەپ تەرىپلەيدۇ.

مۇشۇنداق شان ـ شۆھرەت ساھىبى بولغان ئابدۇقادىر داموللام بولسا بۇ نام ـ ئاتاق، شان ـ شۆھرەتلەرگە بېرىلمەيدۇ، مەيلى قەشقەردە بولسۇن، ياكى ياقا ـ يۇرتلاردا بولسۇن، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس ـ يادى تاشقى دۇنيادىكى تەرەققىياتلاردىن خەۋەرسىز، نادانلىق، خۇراپاتلىق پاتقىقىدا، ھۆكۈمرانلارنىڭ باستۇرۇشىدا ئەلەملىك ئىڭراۋاتقان خەلقىدە بولۇپ، زادى قانداق قىلغاندا مىللىي ئاڭنى ئويغىتىپ، ھۆرىيەت روھىنى شەكىللەندۇرگىلى، نادانلىقنى چۆرۈپ تاشلاپ مەرىپەت روھىنى تىكلىگىلى بولىدۇ؟ دېگەن مەسىلىلەر توغرىسىدا ئىزدىنىشنى ئۆزىگە ئادەت قىلغانىدى. خەلقىنىڭ ئىشىنى ھەل قىلماي تۇرۇپ خۇشاللىقنى ئۆزىگە ھارام سانىغانىدى. ھېچبىر زامان مال ـ دۇنياغا بېرىلمىگەنىدى، ئەكسىچە ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ يېتىم ـ يېسىرلارغا كۆڭۈل بۆلەتتى، تۇرمۇشىغا ئىگە بولاتتى، ئۇلارنى تەربىيەلەيتتى.

ئابدۇقادىر داموللام ئۆز خەلقىنى ئۆزىنىڭ كۆچلۈك يۆلەنچۈكى، تۈۋرۈكى دەپ قارايتتى. خەلق بىلەن ئورتاق گۈللىنىش ئارزۇسى تۈرتكىسىدە، چەكسىز ئۈمىد، ئىشەنچ بىلەن ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، خەلقنىڭ ئۆزىگە كۆرسەتكەن ھۆرمەت ـ ئېھتىرامىنى كۆرگىنىدە، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، كۈچ ـ قۇۋۋەت، شجائىتى ئارتىپ، خەلقنى ياخشى كۈنگە ئېرىشتۈرۈش ئىستىكى تېخىمۇ كۈچەيگەنىدى.

بۈگۈنكى كۈنىمىزگە قارايدىغان بولساق، بازار ئىگىلىكى يولغا قويۇلۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم ئۆلچىمگە ئايلانغاندىن كېيىن، ئىقتىسادىي ئۇتۇقنىڭ بەلگىسى بولغان پۇل، نام ـ ئاتاق ئۆز كۈچىنى نامايان قىلىپ، بايلىق، مەنپەئەت قوغلىشىش ئېقىمى پەيدا قىلدى. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، زىيالىيلىرىمىز، ئالىم ـ ئۆلىمالىرىمىز ئارىسىدىمۇ بۇ ئېقىمغا ئەگىشىپ، نام قوغلىشىدىغان بىر توپ شەكىللەندى. نام قوغلىشىش ھادىسىسى بۈگۈنكى زىيالىيلىرىمىز ئويلىنىشقا تېگىشلىك ئەخلاقىي مەسىلىلەردىن بىرى. چۈنكى زىيالىي ئالدى بىلەن ئۆز كوللېكتىپىنىڭ ئەڭ ئېسىل قىممەت قاراشلىرىغا ۋەكىللىك قىلىشى، يەنى مىللەتنىڭ ئەخلاقىي قىممەت قاراشلىرى زىيالىيلاردا ئەكس ئېتىشى كېرەك. ئەگەر زىيالىيلار بۇنى رەت قىلسا ياكى بۇ تەلەپنى ئورۇنلىيالمىسا، تەبىئىي ھالدا خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشىدۇ.

5. ئالىملارنىڭ يولى گۈل ـ چېچەككە پۈركەنگەن بولماستىن، بەلكى تاش ـ تىكەنلىك ئىكەنلىكىنى ئېنىق تونۇغان تۇرۇقلۇق، يەنىلا كەسكىن ئىرادىلىك، قورقماس بولۇش.

زىيالىيلار كوللېكتىپ ئىچىدىكى ھەقىقەت ئىزدەيدىغان، ھەق تەرەپتە تۇرىدىغان ئويغاق ئىنسانلاردۇر. خەلق كۆرمىگەننى ئالدىن كۆرۈپ، ئويلىمىغاننى ئويلاپ، پىكىر زەرەتلەپ، يېڭى ئېقىم ھاسىل قىلىپ، خەلقنى يېڭىلىق يولىغا باشلاپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە يولباشچىلىق رولىنى ئوينىغۇچى كىشىلەردۇر. زىيالىيلارنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ يالغانچىلىقلىرىنى، ئالدامچىلىقلىرىنى پاش قىلىپ خەلققە ئاگاھلاندۇرۇش، خەلقنى ئويغىتىش ۋەزىپىسى بار. ھالبۇكى، ھەقىقەتنىڭ ئاشكارىلىنىشى، خەلقنىڭ ئويغىنىشى، ئىتتىپاقلىشىشى بولسا ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ مەنپەئەتىگە زىت بولغان، ئۇلار جان ـ جەھلى بىلەن قارشى تۇرىدىغان بىر ھالەتتۇر. زىيالىيلارنىڭ مەنپەئەتى خەلق مەنپەئەتى بىلەن بىر جان بىر تەن بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئەمما زالىم ھۆكۈمرانلارنىڭ مەنپەئەتى بولسا خەلق مەنپەئەتىنى چەكلەشنى تەقەززا قىلىدۇ. بۇ خىل مەنپەئەت پەرقى تەبىئىيلا ھۆكۈمرانلار بىلەن زىيالىيلار ئوتتۇرىسىدىكى زىتلىق، قارشىلىقىقا سەۋەب بولىدۇ. شۇڭا تارىختىن بۇيان، خەلقنى توغرا ئەقىدە، ھىدايەت يولىغا باشلىغۇچى پەيغەمبەرلەردىن تارتىپ، ئالىملارغىچە، ھۆكۈمدارلار ۋە مەنپەئەتپەرەس بايلارنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا، ھەتتا زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ كەلگەن. ئاللاھنىڭ دوستى، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ ئۆز يۇرتىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى. ئىز باسار خەلىپە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ زەھەرلەندى. ئۆز زىيالىيلىرىمىزدىن مىسال ئالساق، قۇتلۇق شەۋقى

هاك سۆيىدە تۇنجۇقتۇرۇلدى، مەمتىلى تەۋپىق ئوتتا كۆيدۈرۈلدى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قىلىچ بىلەن چېپىلدى.

شۇنىڭغا ئوخشاش، مىللەتنى نادانلىق، قۇللۇق ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئەقىدىنى ساپلاشتۇرۇپ، خەلقنى توغرا يولغا باشلاشنى ئۆز غايىسى قىلغان ئابدۇقادىر داموللامنىڭ «يېڭى مائارىپ ئاقارتىش ھەرىكىتى- » ۋە بۇنىڭلىق بىلەن خەلق- ئىچىدە ئىناۋىتىنىڭ كۈنسايىن ئېشىپ بېرىشى- تەبىئىيلا ھۆكۈمرانلار، مەنسەپدارلار، خەلق ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە مۇتەئەسسىپ كۈچلەر، دىنى تاجاۋۇز يۈرگۈزۈۋاتقان خىرىستىيانلار ۋە «كىتاپ يۇدىۋالغان ئېشەك» كە ئايلىنىپ قالغان جانباقتى ئالىملارنى ئالاقزادە قىلىپ، ئۇلارنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا، بېسىملىرىغا ۋە بۇزغۇنچىلىقلىرىغا دۇچ كەلدى، ئۇلار ھەتتا ئابدۇقادىر داموللامنى كۆزدىن يوقىتىش كويىغا چۈشتى. بۇ ۋەزىيەت ھەققانىيەتچى ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئىرادىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتتىكى، ئۇ بۇ تىكەنلىك يولدا ھېچ ۋايسىمىدى، ئىككىلەنمىدى، داۋاملىق خەلق بىلەن بىر سەپتە تۇردى، ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە خەلقنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۆيىدە ئاقتى.

زىيالىيلار ئۆزىدە ھازىرلىغان بىر قەدەر مۇكەممەل ئەخلاقى پرىنسىپ، توغرا ئەقىدە ھەم جاپالىق ئىزدىنىش، كۈرەش قىلىش نەتىجىسىدە رىئاللىققا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە قەشقەر تەۋەسىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن تارىم ۋادىسىدا يېڭىچە كەيپىيات بارلىققا كېلىپ، كىشىلەر يېڭىلىق، تەرەققىيات، مەرىپەت ھەققىدىلا ئەمەس ۋەتەن ـ مىللەتنىڭ تەقدىرى ئۈستىدىمۇ ئويلىنىشىدىغان، سۆزلىشىدىغان بولغان. نەتىجىدە يېڭى بىر تۈركۈم جەدىتچە روھتىكى زىيالىيلار بارلىققا كەلگەن.

بۈگۈنكى ئىجتىمائىي رىئاللىقىمىز دەل ئابدۇقادىر داموللامدەك يۈكسەك غايىلىك، ھەق ئۈستىدە تۇرۇپ ھەقنى يورۇتۇپ بېرەلەيدىغان، ھەقنى سۆزلەيدىغان، خەلقنىڭ ئاسايىشلىقى، مىللەتنىڭ تەرەققىياتى، گۈللىنىشىنى ئۆزىنىڭ راھىتى سانايدىغان، ھەمكارلىشىش روھى كۈچلۈك بىر تۈركۈم زىيالىيلارنىڭ بولۇشىنى تەقەززا قىلىدۇ. شۇڭا ئۆزىنى «ئۇيغۇرنىڭ زىيالىيسى» دەپ قارايدىغان ھەر بىر سەگەك كىشى ئۆز ـ ئۆزىگە «مەن مىللىتىم ئۈچۈن نېمە قىلىپ بېرەلەيمەن ؟» دەپ سوئال قويۇشى كېرەك.


كۆچكۈندىكى ئۇيغۇرلار
# شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇمدىن قېچىش
رافى كاچادوريان

# شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇمدىن قېچىش

رافى كاچادوريان

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

7 ـ ئايدا، جازا لاگېرىنىڭ مەسئۇللىرى ئانار ۋە باشقىلارنىڭ يېڭى جايغا كۆچۈرۈلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى، بۇ خەۋەردىن ئالللقانداق شۇملۇق پۇراپ تۇراتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قەيەرگە ئاپىرىلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى، شۇنداقلا بارغان يېرىدە ئەھۋالىنىڭ تېخىمۇ ناچار بولۇشىدىن ئەنسىرەيتتى. بىر كۈنى كەچتە، قاراۋۇل ھەممەيلەننى چاقىرىپ، ئۇلارنى نەرسىلىرىنى يىغىشتۇرۇشقا بۇيرۇدى. بىر ئاپتوبۇس سىرتتا ئۇلارنى ساقلاپ تۇراتتى. بۇ ئاپتوبۇسنى يول بويى ساقچى ماشىنىلىرى «قوغداپ» ماڭدى، بۇنىڭدىن سىرت يول بويىدىكى ھەربىر دوقمۇشتا يەنە (مۇشۇ ئاپتوبۇسنىڭ مەنزىلىگە يېتىشىشى ئۈچۈن) تەرتىپ ساقلاۋاتقان ساقچىلار بار ئىدى. ئانار شۇ چاغدىكى ئەھۋالنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاپتوبۇستىكىلەرنىڭ نۇرغۇنى يىغلاۋاتاتتى، مەن يېنىمدىكى قىزدىن <نېمىشقا يىغلايسىز؟> دەپ سورىۋىدىم، ئۇ <ئىلگىرى ماڭغان كوچىلارنى كۆرۈپ، بۇرۇنقى ھاياتىمنى ئەسلەپ قالدىم> دېدى».

ئۇلار قاراڭغۇدا تۆت ئەتراپى ئوچۇقچىلىق بولغان غايەت زور بىنالار توپىغا يېقىنلاشتى. شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىنالارنىڭ بىرى غايەت زور «L» ھەرپىگە ئوخشايدىغان بولۇپ، ئەتراپى تام بىلەن قورشالغانىدى. ئاپتوبۇس بىنانىڭ بىر تەرىپىنى بويلاپ ماڭغاندا، كۆپچىلىك دېرىزىلەرنى ساناپ، جەمئىي قانچە كامېر بارلىقىنى مۆلچەرلىدى. ئانار بۇ بىنانىڭ تىمتاسلىقىدىن ھەيران قالدى. كامېرلارنىڭ چىراغلىرى يورۇتۇلمىغاچقا، سىرتتىن قارىماققا ئۆڭكۈردەك قاپقاراڭغۇ كۆرۈنەتتى. ئانار ۋە باشقىلار بىنانىڭ ئىچىگە كىرگەندە، بىنانىڭ ھەقىقەتەن قۇپقۇرۇق ئىكەنلىكىنى كۆردى، دېمەك ئۇلار بۇ بىنانىڭ تۇنجى «مېھمان»لىرى ئىدى. گەرچە ئەينى چاغ ياز پەسلى بولسىمۇ، ئەمما قىلىن بېتون تام گويا قەبرىگە ئوخشاش سوغۇق تۇيۇلاتتى.

بۇ يېڭى جايدا، مەھبۇسلارغا مىللىتىگە ئاساسەن پەرقلىق مۇئامىلە قىلىنىدى. تەبىئىي ھالدا، ئۇيغۇرلارغا باشقىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ قاتتىق تەدبىرلەر قوللىنىلدى ۋە بەزىلىرىگە جازا ھۆكۈم قىلىنىپ، تۈرمىلەرگە يۆتكەلدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئانارنىڭ قاتارىدىكى ئاياللار تەدرىجىي قويۇپ بېرىلدى. شۇ يىلى

9 ـ ئايدا، ئۇلار بىر ئەمەلدارنىڭ زىيارىتى ئۈچۈن ئورۇندىلىدىغان نومۇرلارغا تەييارلىق قىلىۋاتقاندا، لاگېردىكى بىر ئەمەلدار ئانادىن سىرتتا كىيگۈدەك كىيىم ـ كېچەكلىرى بار ـ يوقلۇقىنى سورىدى. ئەتىسى، يەنى ئويۇن قويۇلىدىغان كۈنى يەنە بىر خىزمەتچى ئۇنىڭغا «ئەتە چىقىپ كېتىسىز» دېدى. كېيىن، ئۇ تۇيۇقسىز ئۆزىنىڭ خىتاي تىلىنى پىششىق بىلىدىغانلىقى ئۈچۈنلا، ئاشۇ قېتىملىق نومۇر قويۇش ئۈچۈن ئۇزۇنراق تۇتۇپ تۇرۇلغانلىقىنى ھېس قىلدى.

ئەتىسى دەرستە، ئانارنىڭ قويۇپ بېرىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى كۇسۇلداشلار دەرسخانىغا تارقالدى ۋە بەزى ئايالللار ئۇنىڭدىن خىتاي تىلى دەپتىرىنى بېرىشنى ئۆتۈندى. «مەن <نېمىشقا؟> دەپ سورىۋىدىم، ئۇلار: <چۈنكى، سىز چىقىپ كېتىسىز> دېدى، مەن <ئۇنىسى ناتايىن> دېدىم» دەيدۇ ئانار ئەينى چاغدىكى ئەھۋالنى ئەسلەپ. بىر قاراۋۇل ئۇنىڭغا «ھازىرلا كانايدا ئىسمىڭ چاقىرىلىدۇ» دېدى. دېگەندەكلا، ئۇزۇن ئۆتمەي كانايدىن ئۇنىڭ ئىسمى چاقىرىلدى. ئانار ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكنىڭ ئېچىلىشىنى ساقلىدى. ئاندىن كىيىملىرىنى ئېلىش ئۈچۈن كامېرغا قايتىپ كەلدى. «ئاخىرى ئاشۇ يىرگىنىشلىك <ئوقۇغۇچىلار فورمىسى>دىن قۇتۇلغاندىم» دەيدۇ ئۇ.

ئاندىن ئانار جازا لاگېرىدىكى پارتىيە ياچېيكا سېكرېتارىنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىندى. ئۇ ئورۇندۇق، كىچىك ئۈستەل ۋە كارىۋات بار بىر ئۆيدە ئانارنى ساقلاۋاتاتتى. ئانار كارىۋاتتا ئولتۇردى، ياچېيكا سېكرېتارى ئۇنىڭغا تېخىمۇ ۋەتەنپەرۋەر بولۇشى كېرەكلىكى توغرىسىدا ۋەز ئېيتىپ، «سېنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلۇڭ بەكلا شەخسىيەتچى، پۈتۈنلەي ئۆزەڭ ئۈچۈن ياشايسەن!» دېدى. ئانارنىڭ غۇزۇرىدە ئاچچىقى كەلدى. قويۇپ بېرىلىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنىمۇ ئەيتاۋۇر، ئانارنىڭ كاللىسىدىكى لاگېرنىڭ تەشۋىقاتى سەۋەبلىك تەدرىجىي شەكىللەنگەن گۇمانلار سۇسلاشقا باشلىغانىدى. ئۇ ئىچىدە «مەن خىتاي ئۈچۈن ئۆلۈپ بەرسەم، ئاندىن ئۆزۈمنى ئىسپاتلىيالامدىم؟» دەپ ئويلىسىمۇ، يەنىلا بېشىنى لىڭشىتقاچ: «شۇنداق، شۇنداق، توغرا ئېيتتىڭىز» دېدى.

سېكرېتار ئۇنىڭغا مەلۇم بىر يەرلىك ئەمەلدار ۋە قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئۇنى ساقلاۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئۇنى تاغىسىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ لاگېر بىناسىدىن چىقىپ، ئۆزىنى ساقلاۋاتقان ماشىنىغا قاراپ ماڭغاندا، باشقا ئايال مەھبۇسلارنىڭ ئۆزىگە: «كەينىڭىزگە قارىماڭ، چۈنكى بۇ ياخشىلىق ئەكەلمەيدۇ» دېگەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى ۋە ئۇ ئۇلارنىڭ گېپى بويىچە ئارقىسىغا قارىماسلىققا بەل باغلىدى. ئەمما، ئۇ يەنىلا ئىختىيارسىز يان تەرەپكە قاراپ سالدى ـ دە، يولنىڭ ئۇدۇلىدىكى سۇرلۇك قاماقخانىنىڭ تېمىنى كۆرۈپلا، ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغان ماشىنىغا قاراپ يۈگۈردى.

(6)

ختاينىڭ بارلىق شەھەرلىرىگە ئوخشاش، كۇيتۇنمۇ ئوخشىمىغان ئولتۇراق رايونلارغا ئايرىلغان بولۇپ، ھەر بىر ئولتۇراق رايوننى «ئاھالىلەر كومىتېتى» دەپ ئاتىلىدىغان كومپارتىيە تەشكىلاتى نازارەت قىلاتتى. گەرچە ئانارنىڭ بۇ يەردە تۇرمىغىنىغا ئون يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئىسمى يەنىلا ئىلگىرى ئۆيى تەۋە بولغان «ئاھالىلەر كومىتېتى»غا تىزىملاقلىق ئىدى. جازا لاگېرىغا ئۇنى ئالغىلى بارغان ئەمەلدار دەل ئاشۇ ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ پارتىيە ياچېيكا سېكرېتارى جاڭ خوگچاۋ بولۇپ، ئۇ ئۆسۈش تەمەسىدە يۈرگەن، ئۈستىدىكىلەرگە خۇشامەت قىلىپ، تۆۋەندىكىلەرنى بوزەك قىلىشقا ماھىرلاردىن ئىدى. ئۇ دائىم قىسمىدىن تارقىتىلغان ھەربىيچە كىيىمنى كىيىپ، ئۆزىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئولتۇراق رايوننى قاتتىق نازارەت قىلىپ تۇراتتى.

ئانار جاڭ خوگچاۋنى ئۆزىنىڭ «ئۆزگەرگەن»لىكىگە ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ پارتىيەگە بولغان مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى. ئانار بۇ سۆزلەرنى سانسىز قېتىم دېگەن بولغاچقا، بۇ قېتىممۇ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپلا كەتتى. جاڭ خوگچاۋ بۇنىڭدىن ئىنتايىن رازى بولغاندەك قىلاتتى. «بىز مەسىلەڭنىڭ ئېغىر ئەمەسلىكىنى بىلىمىز، سېنىڭ مەسىلەڭ پەقەت چەتئەلگە چىقىپ باققانلىقىڭدا. شۇڭا سەن ئەمدى مۇشۇ يەردە قېلىپ، ۋەتەننىڭ قۇرۇلۇشىغا ھەسسە قوشقىن، ئون يىل ئىچىدە چەتئەلگە چىقىشنى ئويلاشما» دېدى ئۇ.

ئانار بۇنىڭ قانداقتۇر «تەكلىپ» ئەمەسلىكىنى ئوبدان بىلەتتى، جاڭ خوگچاۋ بېشىنى لىڭشىتىپلا قويسا، ئۇ يەنە قايتىدىن لاگېرغا ئاپىرىۋېتىلەتتى. ئۇ ئۆز كېلەچىكى ھەققىدە قايتىدىن ئويلىنىشقا باشلىدى ۋە «بوپتۇلا، مەڭگۈ چەتئەلگە چىقالمىغان تەقدىردىمۇ ئۆلۈپ قالمايمەنغۇ؟» دەپ ئويلاپ، جاڭ خوگچاۋدىن «ئۇنداقتا، شاڭخەيگە بارسام بولامدۇ؟» دەپ سورىدى.

«شۇنداق، بىر مەزگىلدىن كېيىن بارساڭ بولىدۇ» دېدى جاڭ خوگچاۋ.

ئانارنىڭ تاغىسىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلگەندە، جاڭ خوگچاۋ ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرمۇ «بىرەر پىيالىدىن چاي ئىچىش» ئۈچۈن ئۆيگە بىللە كىردى. ئۆيدە، ئانارنىڭ تاغىسىنىڭ «قوشماق تۇغقىنى» بولمىش ختاي كادىرمۇ بار ئىدى. ئانارنىڭ تاغىسىنىڭ كېيىنچە ئۇنىڭغا ئېيتىپ بېرىشىچە، ئانار قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، تاغىسىغا ۋە ئۆيىدىكىلەرگە «نۇقتىلىق شەخس» دەپ چېكىت قويۇلغانىدى. ئۇلار ھەر ھەپتە مەھەللە كومىتېتىغا بېرىپ «قايتا تەربىيەلەش» دەرسىگە ۋە بايراق چىقىرىش مۇراسىمىغا قاتنىشاتتى. «قوشماق تۇغقان» كادىرلارمۇ تاغىسىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، تاماق يەيتتى ھەمدە بۇ ئائىلىدىكىلەرنىڭ «ھاراق ئىچمەسلىك»تىن ئىبارەت مۇسۇلمانلىق ئادىتىگە رىئايە قىلمايۋاتقانلىقىنى دەلىللەش ئۈچۈن، ئۇلارنى ھاراققا زورلايتتى.

بىر نەچچە ئەمەلدار كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشتى، جاڭ خوڭچاۋ ۋە «قوشماق تۇغقان» ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئانارنىڭ كۈيتۇندىن ئايرىلسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەمەلدارلاردىن بىرى «ئۆزگىرىش نەتىجەڭنىڭ قانداقراق بولغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن سېنى بىر مەزگىل كۆزەتمىسەك بولمايدۇ» دېدى. ئانار بىر نەرسىلەرنى سېتىۋالسا، دوستلىرى بىلەن كۆرۈشسە بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى سورىۋىدى، ئۇلاردىن بىرى: «دوست تۇتساڭ بولىدۇ، ئەمما كىم بىلەن ئارىلاشقىنىڭغا دىققەت قىل» دېدى.

ئەمەلدارلار كۆپ پاتقۇچە ئولتۇرۇپ، كەچلىك تاماقنى يەپ ئاندىن تارقاشتى. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن، ئانارنىڭ يەڭگىسى قازاقىستانغا، يەنى ئانارنىڭ ئاپىسىغا ئاۋازلىق ئۈچۈر يوللىدى. چۈنكى، بىۋاستە تېلېفون قىلىش بەكلا خەتەرلىك ئىدى. ئاندىن، ئانار ئەنئەنىۋى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇسلۇبىدا بېزەلگەن، تامغا گىلەملەر ئېسىلغان بىر ھۇجرىغا كىرىپ ئارام ئالدى. ئۇ چىراغنى ئۆچۈرۈپ، ئۆيىنىڭ ئىللىقلىقىنى، شۇنداقلا ئۇزۇندىن بۇيان يوقلىپ كەتكەن راھەتنى ۋە بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ھېس قىلدى. بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ئۇ بىرەر قېتىممۇ چىراغنى ئۆچۈرۈپ يالغۇز ئۇخلاپ باقمىغانىدى. قاراڭغۇلۇق ۋە يالغۇزلۇق ئۇنىڭغا ھەم راھەت، ھەم يوچۇن تۇيۇلدى. ئۇ ئۇخلاۋاتقان تاغا - ھامملىرىنى ئويغىتىپ، شۇ چاغدىكى ھېسسىياتىنى سۆزلەپ بەرمەكچى بولدى - يۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ ھاياجانلىنىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ توختاپ قالدى. ئۇ ئۆزىنى تىنىچلاندۇرۇش ئۈچۈن، جازا لاگېرىدا ئۆگەنگەن «تېخنىكا»نى قوللاندى، يەنى خۇددى ئاتا - ئانا بالىسىنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالغانغا ئوخشاش، ئۆز - ئۆزىنىڭ قەلب سادا‌سىغا ھېسداشلىق ئىلكىدە قۇلاق سېلىۋاتقانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلدى ۋە ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇخلاپ قالدى.

كۈيتۇن سېپىلسىز تۈرمىگە ئايلانغانىدى. شەھەرنىڭ ھەممىلا يېرىدە تەكشۈرۈش پونكىتلىرى بار بولۇپ، ئۇيغۇر ۋە قازاقلار سكانىر ئىشكىدىن ئۆتۈشكە مەجبۇر ئىدى، خىتايلار بولسا بىمالال ھەرىكەت قىلالايتتى. ئانار لاگېردا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان مەزگىلدە، چېن چۈەنگو «ئومۇمىيۈزلۈك، پۈتۈن كۈنلۈك ۋە ستېرېئولۇق ئالدىنى ئېلىپ ۋە كونترول قىلىپ، ھەرقانداق كۆرۈنمەس رايون، يوچۇق ۋە بوشلۇق بولماسلىقىغا قەتئىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك» دەپ جاكارلىغانىدى. 2017 - يىلى يازدا، دائىرىلەر دۇنيادىكى ئەڭ تېز دەرىجىدىن تاشقىرى كومپيۇتېرلاردىن بىرى سەپلەنگەن ئۈرۈمچى تور ئارقىلىق ھېسابلاش مەركىزىنى ئىشقا كىرىشتۈردى. خىتاي دائىرىلىرىنىڭ جاكارىغا كۆرە، مەزكۇر يېڭى كومپيۇتېر ئارقىلىق ئىلگىرى بىر ئاي ئىچىدە بىر تەرەپ قىلىنىغان رەسىملىك سانلىق مەلۇماتلار ھازىر بىر سېكۇنتتا بىر تەرەپ قىلىنىدىكەن.

ئانار جاڭ خوڭچاۋدىن شەھەر ئىچىدىكى خالىغان يېرىگە بارالايدىغان - بارالمايدىغانلىقىنى سورىۋىدى، جاڭ خوڭچاۋ ئۆزىنىڭ بۇنىڭغا ئېنىق بىر نەرسە دېيەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئانارغا بىر خىتاي خىزمەتچى بىلەن دوختۇرخانىغا بېرىپ كىملىكىنى سىناپ بېقىشنى ئېيتتى. ئەتىسى ئەتىگەندە، ئۇلار

دوختۇرخانىغا بېرىپ، ئۇنىڭ كىملىكىنى سىكانىرلىۋىدى، سىكانىرلاش ئۈسكۈنىسىدىن قۇلاقنى يارغۇدەك سىگنال ئاۋازى ئاڭلاندى ــ دە، بىر نەچچە مىنۇت ئىچىدىلا ساقچىلار ئانارنى چەمبەرچاس قورشىۋالدى.

شۇ قېتىملىق سىناقتىن كېيىن، ئۇ كىيىم ــ كېچەك سېتىۋالغىلى سودا سارىيىغا بارغاندىمۇ، يەنە ساقچىلار تەرىپىدىن قورشىۋېلىندى. بىر ساقچى ئۇنىڭغا، چىراي تونۇش يۇمشاق دېتالىنىڭ ئۇنى «نۇقتىلىق شەخس» سۈپىتىدە تونۇغانلىقىنى ئېيتتى. ساقچىلار ئۇنىڭ «قايتا تەربىيە»لىنىپ بولغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنى قويۇپ بەردى. لېكىن، ئانار قەيەرگە بارسا شۇ يەردە تۇتۇۋېلىندى، ھەتتا ئەھۋال شۇ تەرىقىدە داۋاملىشىپ، ساقچىلارمۇ ئۇنى تونۇپ كەتتى ــ دە، بۇنداق تەكرار ئاۋارىچىلىقتىن زېرىكىپ، ئۇنىڭغا كوچىغا چىقماسلىقنى جېكىلىدى. ئەمما، ئانار شۇنىڭ بىلەنلا بولدى قىلماستىن، ئۆزى ئۆتۈپ كېتەلەيدىغان قولايلىق ساقچى پونكىتلىرىنى تېپىپ، ساقچىلارنىڭ «بىر گەۋدىلەشكەن بىرلەشمە جەڭ قىلىش سۈپىسى»نىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىغا پەرۋا قىلماسلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئالدىن سالام بەردى.

ئانار ھەپتىدە بىر قانچە قېتىم مەھەللە كومىتېتىغا بېرىپ دوكلات قىلىشى، بايراق چىقىرىش مۇراسىمىغا ۋە «قايتا تەربىيەلەش» دەرسلىرىگە قاتنىشىشى كېرەك ئىدى. ئانار ئۇ يەرگە بېرىشقا ئۆچ بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئۇنىڭ يالغۇزلۇقتىن قۇتۇلۇشتىكى بىردىنبىر پۇرستى ئىدى. چۈنكى، تاغىسىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇ تونۇيدىغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك، جۈملىدىن قوشنىلىرى، دوستلىرى، تۇغقانلىرى ئۇنىڭ بىلەن باردى ــ كەلدى قىلسا ئۆزلىرىنىڭمۇ لاگېرغا سولىنىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى ئەپقېچىۋاتاتتى.

ئانار پەقەت سابىق مەھبۇسلار بىلەنلا خاتىرجەم ھالدا باردى ــ كەلدى قىلالايتتى. ئۇلارمۇ ئانارغا ئوخشاشلا چەتكە قېقىلغان بولۇپ، ئانار بىلەن بىر كامېردا ياتقان كومپارتىيە تەشۋىقاتچىسى خىزمىتىدىن قوغلانغانىدى. ئىلگىرى كىچىك دۇكان ئاچىدىغان ھېلىقى ئايالمۇ ئەمدى تىجارەت قىلماستىن، باشقىلارنىڭ ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشىپ بېرىپ جېنىنى بېقىۋاتقانىدى. بۇنىڭلىق بىلەنلا قالماستىن، ئۇ ئىلگىرى توي قىلماقچى بولغان ئەر ئالدىقاچان باشقا بىر ئايالغا ئۆيلىنىۋالغانىدى. ئۇلار (يەنى بۇ سابىق مەھبۇسلار) ھەممىسى ھېسسىيات جەھەتتە ئاجىز ۋە چەتكە قېقىلغان بولغاچقا، بىر ــ بىرىدىن بىخەتەرلىك تۇيغۇسىغا ئېرىشەتتى.

ئانار قويۇپ بېرىلىپ ئىككى ھەپتىدىن كېيىن، ئۇ ياتقان جازا لاگېرىدىكى بىر قانچە خىزمەتچى تاغىسىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى ۋە بۇ ئۆينى ئانارنىڭ ئارخىپى ئارقىلىق تاپقانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ رەسمىي خىزمەت زىيارىتى بىلەن كەلمىگەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭمۇ ئەمەلىيەتتە شەكلى ئۆزگەرگەن مەھبۇسلار ئىكەنلىكىنى، تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرلىرىدىن ئىستېپا بېرىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئېيتتى. خىزمەتچىلەردىن ئىككىسى قازاق بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قورقۇنچ ئىچىدىلا يۈرىدىغانلىقىنى، چۈنكى خاتالىق ئۆتكۈزگەن ھامان جازا لاگېرىغا سولىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇلارنىڭ بىرى ھەتتا ئۆزىنىڭ جىنايەت

تۇيغۇسىنى يېنىكلىتىش ۋە قاباھەتلىك چۈشلىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، دەردىنى هاراقتىن چىقىرىدىغانلىقىنىمۇ ئېيتتى.

بۇ بىر قانچە خىزمەتچىنىڭ لاگېردىكى مۇئامىلىسى يامان ئەمەس بولغاچقا، ئانار ۋە باشقا مەھبۇسلار مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارنى تاماققا تەكلىپ قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، (سابىق مەھبۇس ۋە لاگېر خىزمەتچىلىرىدىن تەركىب تاپقان) بۇ بىر توپ كىشىلەر دائىم بىر يەرگە جەم بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، بۇ خىزمەتچىلەر بۇ ئاياللاردىن ئۆزلىرى بىلەن بىللە هاراق ئىچىشنى ۋە ئۆزلىرىگە قەرز بېرىپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ئانار ئۇلارغا پۇل بەردى ـ يۇ، قايتۇرۇپ ئالالىشىدىن ئۈمىد كۈتمىدى. ئەمما، ئۇلارنىڭ تەلىپى بارغانسېرى چېكىدىن ئاشتى، ھەتتا ئۇلارنىڭ بىرى ئانادىن ئۆزىگە ماشىنا ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئانار بۇنى رەت قىلىۋىدى، ئۇ دەرھال پەيلىنى بۇزۇپ، تېلېفوندا ئانارنىڭ ئالدىنقى بىر كۈنلۈك «بىر گەۋدىلەشكەن بىرلەشمە جەڭ قىلىش سۇپىسى» ئارخىپىنى، يەنى ماڭغان ـ تۇرغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا تەھدىت سالدى. ئانار بۇنداق كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلغاندىن كۆرە، داۋاملىق يالغۇز يۈرگەن تۈزۈك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

مەھەللە كومىتېتىدىكىلەر ئانارنى پاراكەندە قىلىپلا تۇردى. ئۇلار ئۇنى ھۆكۈمەتنىڭ كۆتكىنىدەك «نەمۇنىلىك پۇقرا»غا ئايلاندۇرماقچى ئىدى. ئۇلار ئانارغا خىتاي ئەرگە تېگىشنى تەۋسىيە قىلىپ، شۇنداق قىلغاندا پۇل تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇلار يەنە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللىي تەڭپۇڭلۇقنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، يەرلىك ئاياللارنى خىتاي ئەرلەر بىلەن توي قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇش ئۈچۈن تەشۋىقات پائالىيىتىنى باشلىغانلىقىنىمۇ تىلغا ئالدى. (شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇمنى تەتقىق قىلىدىغان، سىمون فرازېر ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئىنسانشۇناس دەرېن بايلېر يېقىندا ئۇيغۇر ئائىلىلىرىگە بارغان بىر قىسىم «تۇغقان» خىتايلارنىڭ شۇ ئۆيدىكى قىز ـ ئاياللارنى بۇنداق تويلىشىشقا قىستىغانلىقىغا ئائىت پاكىتلارنى بايقىدى) ئانار بۇ تەكلىپنى رەت قىلغاندا، مەھەللە كومىتېتىدىكى ئەمەلدار ئۇنىڭغا مۇسۇلمانلار ئەرلەرنىڭ ئۆزلىرىنى ئاياللىرىدىن ئۈستۈن كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە كۈلۈمسىرىگەن ھالدا: «خىتاي ئەرلىرى ئاياللىرىغا بەك كۆيۈنىدۇ» دەپ قوشۇپ قويدى.

مەھەللە كومىتېتىدىكىلەر ئۇنى خىزمەت قىلىشقا ئۈندىدى، ئەمما ئۇ خىزمەت تاپقاندا بولسا، خاتىرجەم خىزمىتىنى قىلغىلى قويمىدى. ئانار ئېنگلىز تىلى ئۆگىتىدىغان بىر خىزمەت تاپقانىدى، ئەمما ئىشقا چۈشكەن تۇنجى كۈنىلا، مەھەللە كومىتېتىدىكىلەر تېلېفون قىلىپ ئۇنىڭدىن جىددىي يىغىنغا قاتنىشىشنى تەلەپ قىلدى. يىغىندا ئانار ئىلگىرى ياتقان جازا لاگېرىنىڭ مەسئۇللىرى بار ئىدى. ئۇ ئۆزى يېڭى ئىشقا چۈشكەن مەكتەپتىكىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ «نۇقتىلىق شەخس» ئىكەنلىكىنى بىلسە، ئۇنى ئىشتىن ھەيدىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ، مەكتەپتىكىلەرگە گەپنى ئېنىق دېيەلمىدى. يىغىندا ئۇ ئالدى بىلەن ئۆزىگە سۆز قىلىش پۇرسىتى بېرىلسە، بالدۇرراق قايتىپ خىزمىتىنى قىلالايدىغانلىقىنى ئېيتىۋىدى، بىر ئەمەلدار

«مەن بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا سېنى قايتا تەربىيەلەش مەركىزىگە ئاپىرىۋېتەلەيمەن، ئۇلتۇر جايىڭدا!» دېگىنىچە سۆر - ھەيۋە كۆرسەتتى. نەتىجىدە، ئۇ خىزمىتىدىن ئايرىلىپ قالدى ۋە يېڭى خىزمەت ئىزدەمەسلىك قارارىغا كەلدى.

2019 - يىلى 1 - ئايغا كەلگەندە، ئانار ئۆزىگە قارىتىلغان بۇ خىل سىجىل نازارەتنىڭ تاغىسىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى بىئارام قىلىپ قويىدىغانلىقىنى ئويلاپ، شۇنداقلا تۇغقانلىرىنى خەتەرگە دۇچار قىلىشتىن ئەنسىرەپ، بىر مېھمانخانىغا كۆچۈپ كەلدى. بىر كۈنى كەچتە ئۇ تاغىسىنىڭ ئۆيىگە كەچلىك تاماق يېگىلى كەلدى ۋە ئۇلار بىلەن سۈرەتكە چۈشۈپ، بۇ سۈرەتلەرنى ئىجتىمائىي ئالاقە تورىغا چىقاردى. جاك خوگچاۋ دەرھال ئۇنىڭغا ئۇچۇر يوللاپ، سۈرەتتىكى تامغا ئېسىلغان كەشتە رەسىمدىكى كىشىنىڭ كىملىكىنى سورىدى.

كەشتە رەسىمدىكى ئەنئەنىۋى كىيىم كىيگەن، ساقاللىق ئادەم قازاق شائىرى ئاباي قۇنانبايېف ئىدى. «مەن بۇنىڭ ئۆزۈمگە ۋە تاغامنىڭ ئائىلىسىگە بالا ئېلىپ كېلىشىدىن قورقتۇم» دەيدۇ ئانار شۇ چاغدىكى ئەھۋالنى ئەسلەپ. ئۇ تورغا چىقارغان سۈرەتنى دەرھال ئۆچۈرۈپ، جاك خوگچاۋغا قۇنانبايېفنىڭ ختايچە قامۇستىكى تونۇشتۇرۇلۇشنى ئەۋەتىپ بەردى.

«ئاجايىپ تېزلا ئۆچۈرۈۋېتىپسەنغۇ؟» دېدى جاك خوگچاۋ.

«چۈنكى، گېپىڭىزدىن قورقۇپ كەتتىم» دېدى ئانار.

«مۇنداقلا سوراپ باققانىدىم، جىددىيلەشمە» دېدى جاك خوگچاۋ.

ئانار ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئەمدى تاغىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرمايدىغانلىقىنى، ئۆي كۆچۈشنى ئويلىشىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

ئانار يېقىن ئەتراپتىكى ئۇلتۇراق رايوندىن ئىجارىسى ئەرزان بىر ئۆي تاپتى، ئۆي ئىگىسى بىر قازاق ئايال ئىدى.

ختاينىڭ چاغىنى يەنە يېقىنلاپ كەلدى، ئانار ۋە باشقا سابىق مەھبۇسلار مەھەللە كومىتېتىغا بېرىپ چاغانلىق نومۇر تەييارلاشقا مەجبۇرلاندى. چاغان يېقىنلاشقاندا، جاك خوگچاۋ ئانارغا ئىشىكىگە چاغانلىق مەسنەۋىلەرنى، يەنى قىزىل قەغەزگە يېزىلغان چاغانلىق تەبرىك سۆزلىرىنى چاپلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى. بۇ ختايلارنىڭ ئادىتى بولۇپ، ئانار ئەزەلدىن ئۇنى چاپلاپ باقمىغانىدى. ئۇ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپلا، ئىشىكنىڭ ئىككى تەرىپىگە مەسنەۋى چاپلىدى ۋە گەدەنكەشلىك قىلغاندەك تۇيغۇ بېرىپ قويماسلىق ئۈچۈن، مەسنەۋىنى رەسىمگە تارتىپ، ئىسپات سۈپىتىدە جاك خوگچاۋغا ئەۋەتىپ، «چاغانلىق مەسنەۋىلەر چاپلاندى، تېنىڭىزگە سالامەتلىك تىلەيمەن» دېگەنلەرنى قوشۇپ قويدى.

جاك خوگچاۋ: «ساڭىمۇ سالامەتلىك تىلەيمەن» دەپ جاۋاب قايتۇردى.

شۇ كۈنى كەچتە، ئىككى كىشى ئۇنىڭ ئىشىكىنى چەكتى. بىرى، ساقچى، يەنە بىرى شۇ جايدىكى مەھەللە كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى ئىدى. «قاچان كۆچۈپ كىرگەنتىڭ؟ نېمىشقا بىزگە خەۋەر قىلمىدىڭ؟» دەپ سورىدى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى. ئانار بىر ھازا مەڭدەپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئۆي كۆچكەنلىكىنى جاڭ خوڭچاۋغا ئېيتقانلىقىنى بىلدۈردى. ئەمما ئىككىيلەن بۇنىڭ پايدىسى يوقلۇقىنى، ئۇنىڭ بۇ ئولتۇراق رايوندىن دەرھال، شۇ كېچىدىلا كۆچۈپ كېتىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى.

ئۇنىڭدىن كېيىن، ئىككىيلەن ئانارنى يېقىن ئەتراپتىكى ساقچىخانىغا ئېلىپ باردى. ئانار ئۇ يەردە ئۆزى يېڭىدىن ئىجارىگە ئالغان بۇ ئۆينىڭ ئىگىلىرىنى كۆردى. ساقچىلار ئۇلارنى بىر بىرونۇۋېكقا ئېلىپ چىقىۋاتقاندى. ئۆي ئىگىسى قاتتىق قورقۇنچ ئىچىدە ئانارغا گۆلەيگىنىچە «قارىغىنە، ھەممىسى سېنىڭ كاساپىتىڭ، بىز ئەمدى <مەكتەپ>كە ئاپىرىلىدىغان بولدۇق» دېدى.

تولىمۇ خىجىل بولغان ئانار بىر ساقچىدىن ئۇلارنىڭ راستلا جازا لاگېرىغا ئېلىپ مېڭىلغان ـ مېڭىلمىغانلىقىنى سورىۋىدى، ساقچى ئۇلارنىڭ پەقەت سوراق قىلىنىش ئۈچۈن يەنە بىر ساقچىخانىغا ئېلىپ مېڭىلغانلىقىنى ئېيتتى. لېكىن، ئانارنىڭ يۈرىكى يەنىلا ئىزىغا چۈشمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇنچە ئېغىر تەشۋىشكە سەۋەب بولۇشنى ئويلاپ باقمىغانىدى. «مەن ئۇ كۈنى گويا ۋىرۇسقا ئوخشاپ قالغانلىقىمنى ئويلاپ، بەك كۆپ يىغلىدىم» دەيدۇ ئۇ.

ئۇ ساقچىخانىدىن چىققاندىن كېيىن، قەيەرگە بېرىشنى بىلەلمەي، جاڭ خوڭچاۋغا تېلېفون قىلدى. جاڭ خوڭچاۋ ئاھالىلەر كومىتېتىدا بىر ياتاق بارلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئانار شۇ كۈنى كەچتە يۈك ـ تاقلىرىنى ئېلىپ، ئاشۇ ياتاققا كۆچۈپ كىردى.

ئۇ ياتاقتا باشقا ئىككى قازاق قىزمۇ بار ئىدى. كېيىن، شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى ئانارغا «جاڭ خوڭچاۋ بىزگە سىزنى، يەنى نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىڭىزنى، نېملەرنى دېگەنلىكىڭىزنى، كىملەر بىلەن كۆرۈشكەنلىكىڭىزنى، جۈملىدىن بارلىق تەپسىلاتلارغىچە نازارەت قىلىشنى جېكىلىگەنىدى» دېدى.

(7)

ئانار قويۇپ بېرىلگەن دەسلەپكى چاغلاردا، خىتايدىن ئايرىلىشنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغاندەك قىلاتتى. كېيىن ئۇ تۇبېركۇليوز بىلەن يۇقۇملانغان بىر قازاق مەھبۇسنىڭ دوختۇرخانىدىكى چېغىدا، قازاقىستاندىكى ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىنى كۆرەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ ئاھ ئۇرغانلىقىنى ۋە ئاخىرىدا شەرقىي

تۈركىستاندىن ئايرىلىشىغا رۇخسەت قىلىنغانلىقىنى ئاڭلىدى. بۇنداق ھېكايىلەر ئۇنىڭغا چەتئەلگە چىقىشنىڭ ھېلىھەم مۇمكىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇردى.

قويۇپ بېرىلىپ بىر ئاي كېيىن، ئانار پاسپورتىنى ئېلىش ئۈچۈن ساقچىخانىغا بېرىۋىدى، ساقچىخانىدىكىلەر ئۇنىڭغا ھازىر يېڭىچە بىر تەرتىپ بارلىقىنى، پاسپورتىنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن، سوراققا قاتناشمىسا بولمايدىغانلىقىنى، سوراق خاتىرىسىنىڭ تەستىقلىنىش ئۈچۈن كۆيتۇندىكى سىياسىي - قانۇن كومىتېتىغا ئەۋەتىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئانار سوراقنى قوبۇل قىلدى، ئەمما بىر نەچچە ئايغىچە ھېچقانداق خەۋەر بولمىدى. بىر كۈنى، بىر ئىش بىلەن مەھەللە كومىتېتىغا كەلگەن يۇقىرى دەرىجىلىك بىر ئەمەلدار ئانارغا ساياھەت تەلىپىنىڭ تەستىقلانغانلىقىنى ئېيتتى.

ئۇزاق ئۆتمەي، سىياسىي - قانۇن كومىتېتىدىكى بىرەيلەن ئانارغا تېلېفون قىلىپ، ئۇنىڭ ماتېرىياللىرىنى كۆرگەنلىكىنى، ئانارنىڭ شۇ يەردىكى ئىمپورت - ئېكسپورت شىركىتىگە بېرىپ ئىشلەشكە ماس كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، «بۇ شىركەت ئۆزبېكىستان بىلەن سودا قىلىدىغان بولۇپ، تىل بىلىدىغانلارغا موھتاج. سىز ئۇ يەردە خىزمەت قىلىشنى خالامسىز؟» دەپ سورىدى.

بۇ تەكلىپ ئانارنى گاڭگىرىتىپ قويدى. بۇ ئۇنىڭ يەنىلا چەتئەلگە چىقالمايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەمدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەگەر ئۇ ئۆزبېكىستانغا ئوخشاش بىر دۆلەتكە بېرىپ باققانلىقى ئۈچۈن جازا لاگېرىغا سولانغان بولسا، ھۆكۈمەت نېمىشقا ئۇنىڭغا بۇ خىزمەتنى تونۇشتۇرىدۇ؟ «قارىغاندا بۇ خىزمەتنى رەت قىلالمايدىغان ئوخشايمەن» دەپ ئويلىدى ئۇ. كېيىن ئۇ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىكىلەر بىلەن ئالاقىلاشۋىدى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىكى بىرەيلەن «بۇ خىزمەتنى قىلىڭ» دېدى.

ئانار بۇ خىزمەتنى قوبۇل قىلدى. ئۇ ھەر قېتىم چەتئەلدىكى خېرىدارلارغا تېلېفون قىلماقچى ياكى ئېلخەت يازماقچى بولسا، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى بىلەن ئالاقىلىشىپ، شۇنداق قىلسا بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى سورايتتى. جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىكىلەرمۇ ھەر قېتىم باشلىقلىرىدىن يولىيورۇق سورايتتى. بۇ ئىش شۇ تەرزدە داۋاملىشىۋەرگەندىن كېيىن، ج خ ئىدارىسىدىكىلەر زېرىكىپ، ئانارغا ئۆزلىرىگە قايتا تېلېفون قىلماسلىقنى ئېيتتى.

بىر نەچچە ھەپتىدىن كېيىن، ئانار پاسپورتىنىڭ تەييار بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى - دە، دەرھال ساقچىخانىغا بېرىپ، بىر تالاي ھۆججەتلەرگە ئىمزا قويدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاناردىن جازا لاگېرىدىكى ئەھۋاللارنى ھەرگىز ئاشكارىلىماسلىق تەلەپ قىلىنغان بىر پارچە كېلىشىممۇ بار ئىدى. ئاندىن ئانار بۇلارغا ئىمزا قويۇپ بولغاندىن كېيىن پاسپورتىنى قولىغا ئالدى. ئەمما، ئۇ بۇ قېتىم ئايروپىلانغا چىقىشقا جۈرئەت

قىلالماي، قازاقىستان چېگراسىغا بارىدىغان پويىز بېلىتى سېتىۋېلىپ، تاغىسى بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىنلا يولغا چىقتى.

تاڭ ئەمدىلا سۈزۈلگەندە، ئۇ غەربىي چېگرادىكى بىر كىچىك شەھەرگە يېتىپ كېلىپ، چېگرادىن ئۆتىدىغان ئاپتوبۇسقا چىقماقچى بولدى. ئانار ئاپتوبۇس بېكىتىگە كىرگەندە، كىملىكنى سكانىرلىغۇچقا تەگكۈزدى ۋە ئىچىدە: «ئۆتۈنۈپ قالاي، ھەرگىز سايرىمىغىن» دېدى.

ئۈسكۈنىدىن ھېچقانداق ئاۋاز چىقمىدى ۋە ئۇ بېكەتكە ئوڭۇشلۇق كىرىپ كەتتى. ئاپتوبۇسنىڭ چېگراغا بېرىشىغا ئون مىنۇت ۋاقىت كېتەتتى. ئانار دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ ئولتۇراتتى، تېلېفونى تۇيۇقسىزلا سايراپ كەتتى. تېلېفون جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ ئەمەلدارى ۋاڭ تىڭدىن كەلگەنىدى. «چەتئەلدىكى چېغىڭدىمۇ، دىنىي بۆلگۈنچى ئىدىيەگە ئىگە كىشى ۋە ئىشلارنى كۆرگەن ياكى ئاڭلىغان ھامان، بىزگە دوكلات قىلىشىڭ كېرەك» دېدى ئۇ. ئانار ئىشپىيونلۇق قىلىشقا قىزىقمايتتى، ئەمما ئۇ ۋاڭ تىڭنىڭ ئۆزىنى توسۇپ قويالايدىغانلىقىنى بىلگەچكە، نائىلاج «ماقۇل» دېدى.

چېگرادا، ئانار قازاقىستان ياپلاقلىرىنى، ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىدىكى قار مونەكلىرىنى كۆرەلەيتتى. تېخىمۇ يىراقتا بولسا، تاقىر، ئىپتىدائىي تاغ تىزمىسى قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ھەممەيلەن ماشىنىدىن چۈشۈپ خىتاينىڭ تاموژنا نۇقتىسىغا كىردى. يولۇچىلار بىر ـ بىرلەپ سوراققا چاقىرىلدى، پەقەت ئانارلا يالغۇز ساقلاپ ئولتۇردى. ئەڭ ئاخىرىدا، دېرىزىسىز بىر كىچىك ئۆيدە، بىرنىڭ مۆرىسىدە كامېرا بار ئۈچ ئەمەلدار ئۇنى قىرىق مىنۇت سوراق قىلغاندىن كېيىن، ماڭسا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئانار قازاقىستان تۇپرىقىغا دەسسىگەندىن كېيىن، باشقىچە يېنىكلىگەندەك بولۇپ قالدى. چېگرا مۇھاپىزەتچىلىرىمۇ ئۇنىڭغا ئۇرۇق ـ تۇغقىنىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. كىشىلەر ئەركىن ـ ئازادە قازاقچە سۆزلىشىۋاتاتتى. ئۇنىڭ يېنىدا ھېچقانچە يۈك ـ تاقىسى بولمىغاچقا، تاموژنىدىن تېزلا ئۆتۈپ كەتتى. بىر نەۋرە ئاكىسى ئۇنى ئاپىسىنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئالدىغا چىققانىدى. ئۇ ماشىنا تەرەپكە قاراپ ماڭغاندا، سوغۇق شامال يۈزىگە ئۇرۇلدى، ئۇ بىر يىل سەككىز ئايلىق تۇرمە كەبى ھاياتتىن كېيىن، ئاخىرى ئەركىنلىككە ئېرىشكەنىدى.

***

2006 ـ يىلى ئامېرىكاغا كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇر پائالىيەتچى ئىلشات ھەسەننىڭ ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە، يېقىندا بىر قىسىم كىشىلەر ماشىنا ھەيدەپ، ئۇنىڭ ۋىرجىنىيە شەھەر ئەتراپىدىكى ئۆيىگە بېرىپ،

ئۇنىڭ ئۆيىنى ئوچۇق - ئاشكارا سۈرەتكە تارتقان. ھەتتا، ئۇنىڭ خەت - چەك ساندۇقىنى تەكشۈرمەكچىمۇ بولغان - يۇ، ئەمما ئىلشات ھەسەننىڭ بىر قوشنىسىنىڭ ئۆزلىرىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ بولدى قىلغان. يەنە بىر قېتىم، ئۇ خىتاينىڭ ۋاشىڭتوندىكى باش ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدىدا نامايىشقا قاتناشماقچى بولغاندا، يوچۇن بىر ئايال كېلىپ، ئۇنىڭغا خىتاي تىلىدا گەپ قىلىشقا باشلىغان ۋە «ئەگەر سەن زەھەرلىنىپ قالساڭ، ئۇنى قانداق داۋالاشنى بىلەمسەن؟» دەپ سورىغان، ئىلشات ھەسەن: «بۇنى بىلىپ نېمە قىلىمەن؟» دەپ سورىغاندا، ھېلىقى ئايال: «بىلىپ قوي، خىتاي ھۆكۈمىتى تولىمۇ كۈچلۈك. سەن ماشىنا ۋەقەسىدە ياكى زەھەرلىنىپ ئۆلۈپ كېتىشىڭ مۇمكىن» دېگەن.

ئىلشات ھەسەن ئائىلىسىدىكىلەردىن ئايرىلغىلى ئۇزۇن يىل بولدى، ئۇنىڭ ئىككى سىڭلىسى، بىر ئىنىسى ۋە جىيەن قىزى تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرىغا سولانغان بولۇپ، قالغان ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىمۇ ئۈزۈلگەن. ئۇ ئەڭ ئاخىرىدا، يەنى 2016 - يىلى ئاپىسى بىلەن ئالاقىلاشقان بولۇپ، ئەينى چاغدا ئاپىسى ئۇنىڭغا: «ئەمدى تېلېفون قىلماڭ، ئاللاھقا ئامانەت» دېگەن، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭمۇ ئىز - دېرىكى بولمىغان.

ئانار ئىلشات ھەسەننىڭ سىڭىللىرى بىلەن بىر لاگېردا ياتقان بولۇپ، ئۇنىڭ دېيىشىچە ئۇ ئىككىسى تۆگىشىپلا كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. بىر كۈنى ئانارمۇ بار بىر يەردە، جازا لاگېرىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئۇلارغا: «سىلەرنىڭ مەسىلەڭلار ئاكاڭلار، ئاكاڭلار ئۆلمىسە، مەسىلەڭلار ھەل بولمايدۇ!» دېگەن.

ئانار ماڭا ئۆزىنىڭ چەتئەلگە چىققاندىن كېيىنمۇ نەچچە ئايغىچە گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغانلىقىنى، ئەمما خىتاينىڭ جازا لاگېرلىرى توغرىسىدىكى تەشۋىقاتى سەۋەبلىك، ۋەھىمىسىنىڭ ۋاقتىنچە پەسەيگەنلىكىنى ئېيتتى. «سىلەر قىلغۇلۇقنى قىلدىڭلار، مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ بېشىغا كەلگەن ئىشلار توغرىسىدا گەپ قىلىپ باقاي» دەپ ئويلىدىم دەيدۇ ئۇ.

ئانار 2019 - يىلى 10 - ئايدا، يەنى ئەركىنلىككە ئېرىشىپ ئالتە ئايدىن كېيىن، ئەسلىمە يېزىشقا باشلىدى. ئۇ بۇنىڭ روھىي جاراھەتلەرنى ساقايتىشقا ياردىمى بارلىقىنى بايقىدى. پسىخىكىلىق مەسلىھەت سوراشنىڭمۇ پايدىسى بار ئىدى. ئەمما، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى ئۆزىگە ئىشىنىدىغان، ئىرادىلىك ئايال ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى. قاباھەتلىك چۈشلەر ئۇنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزاتتى. ئۇ ماڭا: «مەن دائىم ئۆزۈمنىڭ خىلمۇخىل ئەھۋال ئاستىدا تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرىغا سولانغانلىقىمنى چۈشەيمەن. چۈشۈمدە بەزىدە بىر كامېرنىڭ ئىچىدە بولىمەن. ھەتتا بىر قېتىم، ئۆزۈمنى توخۇ كاتىكىگە سولاپ قويۇلغان ھالەتتە كۆردۈم ... بىر يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە، ھەر كۈنى كېچىدە مۇشۇنداق چۈشلەرنى كۆردۈم. يىغلاپ ئويغانغان ۋە بەك قورقۇپ كەتكەن ۋاقىتلىرىممۇ بولدى. مېنىڭچە بۇ ئاجايىپ بىر قىيناش ئىدى، چۈنكى بىخەتەر جايغا يېرىۋالسىڭىزمۇ، كەچمىشلىرىڭىز يەنىلا سىزدىن ئايرىلمايتتى» دېدى.

ئانار پسخكلىق مەسلىھەت ئالغاندىن كېيىن، قاباھەتلىك چۈشلەر بىر مەھەل پەسەيگەن بولسىمۇ، ئەمما يېقىندا بۇ چۈشلەر يەنە باشقا رەۋىشتە قايتىپ كەلدى. ئانار ھازىر ئۆزىنى شەرقىي تۈركىستانغا قايتىپ چۈشەيدۇ. «ھەر قېتىم (شەرقىي تۈركىستاندىن) كەتمەكچى بولغىنىمدا، ساقچىلار ماڭا <بولمايدۇ> دەيدۇ. مەن چېگرادا، ئايرودرومدا بولىمەن، ئۇلار مېنى توسۇۋالىدۇ، ئاندىن مەن ئۆزۈمدىن <مەن نېمىشقا بۇ يەرگە كېلىپ قالدىم؟ مېنىڭ بۇ يەردە نېمە ئىشىم بار؟> دەپ سورايمەن» دەيدۇ ئۇ.

**تۈگىدى**

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمە قىلدى



# ئۆتكەن بىر ئاي ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارغا

# مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەقە - ھادىسىلەر

(2021-يىلى 7 – ئاينىڭ 28 – كۈنىدىن 8 – ئاينىڭ 28 - كۈنىگىچە)



## گوردون چاڭ

خىتايغا قارشى كەسكىن مەيدانى بىلەن تونۇلغان، ئۇيغۇرلارنى قوللىغۇچى ئامېرىكالىق ئادۋوكات ۋە يازغۇچى گوردون چاڭ ئەپەندى

# ئۇيغۇرلار

*The Uyghurs*

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival

